ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

( ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

2

1986

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

1986 - يىل 2 - سان

(ئومۇمى 26 - سان)


# مۇندەرىجە


مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەر-
كىنلىكىگە ئىگە.......................سەيپىدىن ئەزىزى 1
تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك دېموكرات شائىرى ئابدۇللا تۇقاي... غىلاجىدىن ئوسمان 7
ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش...........ئابدۇۋەلى ھامۇدى 28
سىياسى ئىقتىسادنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدا..............داۋۇت ساۋۇت 38
بەدىئىي زوق ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋىتى.....................................................ئازات سۇلتان 44
رەڭ سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىكىلىق رولى توغرىسىدا......شىرىن قۇربان 54
ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر...... رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 64
«ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا....... غەيرەتجان ئوسمان 76
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرىي ۋاستىلار توغرىسىدا.........
..........................تۇرسۇن مەھەممەت ساۋۇت 87
چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان
ئەسەرلەر.......................... ئابدىرىشىت ئىسلامى 101
چىڭغىز ئايتماتوۋ ئىككى تىللىق بولۇشنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى
تەرەققىياتىدىكى رولىنى نامايەن قىلدى... ............ چېن شۆشۇن 106
كۆسەنشۇناسلىقنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلىرى.....ئابلىز مەھەممەت سايرامى 114
مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى رولى........
..........................مۇختەر ئەبەيدۇللا 127
ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى......
........................... يۈسۈپ ئوربىلى 133

www.uyghurkitap.com


# 新疆大学学报

(哲学社会科学版)

1986年第2期

季　刊

新疆大学学报编辑部
编辑出版
(总第26期)


## 目　录


各民族都有使用和发展自己语言文字的自由……………………赛福鼎·艾则孜　1
塔塔尔族人民的伟大诗人阿·茶海………………………………格拉基丁·欧斯满　7
真理标准与逻辑推理…………………………………………阿不都外力·阿木提　28
谈政治经济学的研究对象……………………………………达吾提·沙吾提　38
艺术欣赏与文艺发展的关系…………………………………阿扎提·苏里坦　44
浅谈色彩词及其修辞作用……………………………………西林·库尔班　54
维吾尔语词汇学的有关问题…………………………………热外都拉　64
《乌古斯传》产生时代新探……………………………………海热提江·乌思曼　76
关于维吾尔民间文学的描写手法……………………突尔逊穆罕默德·沙吾德　87
察哈台时代的维吾尔语的发展及作品………………阿不都热西提·斯拉木　101
从艾特玛托夫看双语对少数民族文化发展的作用 ………………陈学迅　106
有关龟兹学的文物考古资料 ……………………阿不利孜穆罕默德·沙依拉米　114
高校图书馆在教学科研中的作用 …………………………木哈塔尔·艾拜都拉　127
回历与公历对照表……………………………………………玉苏甫·乌儿毕力　133

# مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە

## — «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئۆگەنگەندىن كېيىن


مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

**سەيپىدىن ئەزىزى**


«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىندى ۋە بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن يولغا قويۇلدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىش. مەن مەملىكىتىمىزدە تۇنجى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن ھىمايە قىلىمەن ۋە تامامەن قوللايمەن.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇندىكى مىللەتلەرگە دائىر ماددىلارنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىق ھۆججەت. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 35 يىللىق ئەمەلىيەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ توغرىلىقىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلىشى ئارقىسىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كەلگەن مىللىي تىل - يېزىق سىياسىتىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئېنىق، بىر قەدەر مۇكەممەل بەلگىلىمىلەر بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي

يېتەكچى ئىدىيە بىرىنچى باپنىڭ 10 - ماددىسىدىكى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇجايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.» دېگەن بەلگىلىمىدۇر. بۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ:

1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل - يېزىقنى قوللىنىدۇ؛ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىرنەچچە خىل تىل - يېزىقنى تەڭ قوللىنىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئاساس قىلىشا بولىدۇ.

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىلنى قوللىنىشى، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش - ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلىدۇرۇپ بېرىشى كېرەك. قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل يېزىق بىلەن يېزىش كېرەك.

3. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەردىن شەرت - شارائىتى بارلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى قوللىنىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك؛ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسىنى كىرگۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

4. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مىللىي تىلدىكى كىتابلارنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

5. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا بىر بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ. خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىشلارنى ئەسلىسەك، "سول" چىللىقنىڭ

تەسىرىنى، بولۇپمۇ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" مەزگىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 50-يىللاردىلا، تىلى بولسىمۇ، يېزىقى بولمىغان ياكى يېزىقى مۇكەممەل بولمىغان 10 نەچچە مىللەتنىڭ يېزىق ئىجات قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئىشلىرىغا دۆلەت تەرىپىدىن ياردەم بېرىلدى. مىللىي مائارىپ ۋە تەرجىمە-نەشر قىلىش ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىدا خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ئاپاراتلىرى بىلەن تەرجىمە-نەشرىيات ئاپاراتلىرىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. مىللىي تىل-يېزىقتىكى گېزىت-ژۇرناللار ۋە كىتابلارنىڭ سانى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. جۇاڭزۇ، يىزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلماقتا ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىماقتا، مىللىي يېزىقتىكى كونا كىتابلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەرجىمە-نەشر قىلىش ئىشلىرى گوۋۇيۈەننىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشىپ، ھازىر زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بۇنىڭدىن مەمنۇن بولماقتا. شۇنداقتىمۇ، يائۇنداق، يابۇنداق مەسىلىلەر يەنە ساقلانماقتا، ئاساسلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا ئېتىبار بېرىش ۋە ھۆرمەت قىلىش يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، ئايرىم جايلارنىڭ خىزمىتىدە يەنىلا بىرمۇنچە يېتەرسىزلىكلەر ۋە بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئىشىنىمەنكى، بۇ مەسىلىلەر ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق پەيدىن-پەي تۈگىتىلىدۇ ھەم ياخشىلىنىدۇ.

بۇ يەردە، مىللەتلەر ئارا بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالماقچىمەن. يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن يولداش جۇئېنلەي دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا، مىللىي رايونلاردا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشى لازىم، دەپ كۆپ قېتىم يوليورۇق بەرگەن ئىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئۇنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. نۇرغۇنلىغان خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بولغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تېخىمۇ ياخشى ئۆگەندى. ئەمما، بەزى خەنزۇ كادىرلار بولسا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى خالىمىدى ياكى داۋاملاشتۇرالمىدى،

ھەممە ئىشتا تەرجىمانغا تايىنىۋېلىپ، خىزمەتتە نۇرغۇنلىغان قولايسىز ئەھۋاللارنى پەيدا قىلدى. خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا، ئەھۋال ئىگىلەش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، مۇھەببەتنى ئاشۇرۇش، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىشنى يەنە زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى دۆلەت خادىملىرىدىن شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىككى خىلدىن ئارتۇق تىل - يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بۇ بەلگىلىمە خەنزۇ كادىرلىرىنىڭلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭمۇ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تامامەن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك.

مەن ئۆزەم بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يولداشلىرىمىزنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن.

مەملىكىتىمىزدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ. خەنزۇ تىلى (ئومۇمى ئەدەبىي تىل) بىلەن خەنزۇ يېزىقى مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان تىل ۋە يېزىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ياشايمىز. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلار بىر بىرىنى چۈشىنىشى، پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئالماشتۇرۇشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. بىر بىرىنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بىلەن بىلمەيدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا ھەممەيلەن ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن پاكىت.

بەزى يولداشلار، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنسەك، ئۆزىمىزنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىگىلىشىمىزگە تەسىر يەتكۈزەرمۇ؟ — ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇنداق بولمايدۇ. بىز، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئوبدان ئۆگىنىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇ تىل - يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنسە، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتالايدۇ. خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنمەسلىك ئەڭ چوڭ يوقىتىشتۇر. خەنزۇچە كىتابلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا چىقىۋاتقان كىتابلار، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى كىتابلار، تۈرلۈك سەۋەبلەر

تۆپەيلىدىن يەنىلا ئاز بولماقتا. ھالبۇكى، بىز ياشاۋاتقان دەۋر پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋردۇر. تەرەققى قىلىشنى، ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىشنى خالايدىغان ھەرقانداق مىللەت خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىۋالمىسا، خەنزۇ تىل-يېزىقىدىكى كىتابلاردىن كۆپرەك پايدىلىنالمىسا، ئارقىدا قالىدۇ. نۇرغۇنلىغان پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ياكى تەتقىقات خادىملىرى ئىچىدە، خەنزۇچىنى بىلمەيدىغانلارغا قارىغاندا، خەنزۇچىنى بىلىدىغانلارنىڭ ئۆسۈشى ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا تېز بولغان، قازانغان نەتىجىلىرىمۇ خېلى زور بولغان. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىلىرى خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە سوتسىيالىستىك "ئىككى مەدەنىيەت" قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر ھالقا دەپ قارىشى لازىم.

ئايرىم يولداشلار خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ناتوغرا قاراشتا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشنى خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدۇ، بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس، بىر مىللەت تەرەققى قىلماقچى بولىدىكەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك، ئىلغار نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تىلىدىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئىگەللەش كېرەك. خەنزۇلار ئۆزىنىڭ شۇنچە مول مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى كىتاپلىرى بار بولسىمۇ، دۇنيادىكى ئىلغار پەن-تېخنىكىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يەنە چەتئەل تىللىرىنى ئۆگىنىۋاتقان يەردە، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنسەك بولامدىكەن؟ ئۆز مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا ھەقىقى كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلار ئۆز مىللىتى كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشىنى پائال قوللىشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى لازىم. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن پايدىسىلا باركى، زىيىنى يوق.

ئازسانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇ تىلىنى (ئومۇمى ئەدەبىي تىلنى) ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، پائال تۈردە ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسى كىرگۈزۈلۈشى، ياخشى ئوقۇتقۇچى ۋە دەرسلىك بولۇشى لازىم. دەرس سائىتى كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ۋە يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىلىشى لازىم. مەن شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، ئاز سانلىق مىللەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىل-يېزىقىنى

ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىۋېلىشنى پەيدىن-پەي ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. بۇ بىزنىڭ تىرىشىش نىشانىمىز بولۇپ قالسۇن. ئاز سانلىق مىللەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتە چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىنى ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتسىمۇ، بىر-ئىككى يىل خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىپ، ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بەزى ئوقۇغۇچىلار خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، خىزمەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان، ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىمۇ ئاستىراق بولغان. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىگەن بولۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك، بۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشى ياكى خىزمەتكە قولاي شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا (مەسىلەن، شەھەرلەردە) ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىدە مەكتەپكە كىرىشىنى، سىنىپ ئايرىسىمۇ، مەكتەپ ئايرىماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش لازىم. ئادەم سانى ئازراق، تىلى بار، يېزىقى يوق مىللەتلەر، ئەڭ ياخشىسى، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى بىۋاسىتە ئىگەللىۋېلىشى لازىم.

مەكتەپتىكى ئۆگىنىشتىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تولۇق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىشنى تەشكىللەش لازىم. ئوقۇتقۇچى ۋە دەرسلىك مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، كۆپ تەرەپتىن شارائىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇش لازىم.

مەن ئىشىنىمەنكى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغانلا بولسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشتەك ياخشى كەيپىيات شەكىللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1984-يىل 7-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى قەيۇم قۇربان.

# تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك دېموكرات شائىرى ئابدۇللا تۇقاي

غىلاجىدىن ئوسمان

بۇ يىل 26 - ئاپرېل تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك شائىرى ئابدۇللا تۇقاينىڭ تۇغۇلغانلىقىغا يۈز يىل تولدى. بىز ئا.تۇقاينىڭ بۇ يۈز يىللىقىنى زور ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ، ئىپتىخارلىق بىلەن خاتىرىلەيمىز.

ئابدۇللا تۇقاي مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياشىغان تاتار دېموكرات يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان، ئۆز ئەسەرلىرىدە تاتار خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى كۈيلىگەن، پۈتۈن ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى ئۆز خەلقىنىڭ پارلاق كېلەچىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بېغىشلىغان چوڭ تالانت ئىگىسى، دېموكرات ۋە رېئالىست شائىر ئىدى.

ئا.تۇقاي تاتار بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە يېقىنقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ باي مەزمۇن، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلىرى بىلەن تاتار ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاتار ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ساپلاشتۇرۇش جەھەتلەردىمۇ زور رول ئوينىدى. ئۇ يەنە تاتار ئەدەبىياتىدا سىياسى لىرىكىنىڭمۇ تۇنجى ئاساسىنى سالغۇچى بولۇپ، ساتىرا، يۇمورلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەنمۇ تونۇلغان ئىدى. چۈنكى تاتار ئەدەبىياتىدا ساتىرا، يۇمورنىڭ دەسلەپكى ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرى تۇقاي ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن ئىدى.

ئا.تۇقاي تاتار بالىلار ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە باشلامچىلىق قىلغۇچى شائىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن يازغان شېئىر، پوئېما، ھېكايە، چۆچەك، مەسەللىرى ھازىرغا قەدەر تاتار ئۆسمۈرلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ كەلمەكتە. جۈملىدىن چىشى سارغايغان، چىچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاقارغان پېشقەدەملەرمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى سۈپىتىدە قەدىرلىگەن.

X X X

ئا.تۇقاي بەكمۇ ئاز ياشىدى. 27 يىللىق ھاياتىنىڭ ئۈچتىن بىرىسىدە تاتار خەلقى ئۈچۈن، دۇنيا ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ كەتتى.

ئابدۇللا مۇھەممەد غارىف ئوغلى تۇقاي 1886 - يىلى 26 - ئاپرېلدا چارروسىيە دەۋرىنىڭ بىرۇنقى قازان ئۆلكىسى مەنگەر ئوبلاستى (ھازىرقى تاتارىستان ئەتنە رايونى) قوشلاۋچ ناملىق بىر كىچىك كەنتتە موللا ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئادەتتىن تاشقىرى غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. تۇقاي ئۆزىنىڭ «ئېسىمدە قالغانلىرى» دېگەن ماقالىسىدا: «مەن تۇغۇلۇپ بەش ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتام ئاز ۋاقىت ئاغرىپلا ۋاپات بولدۇ. تۇل قالغان ئانام مەن بىلەن بىر نەچچە ۋاقىت بىللە تۇرغاندىن كېيىن، مېنى يېزىمىزدىكى شەرىپە ئىسىملىك بىر كەمبەغەل مومايغا ۋاقىتلىق بېقىپ تۇرۇشقا بېرىپ، ئۆزى ساسنا يېزىسىنىڭ ئىمامىغا ياتلىق بولۇپ كېتىدۇ......مەن بۇ مومايىنىڭ ئۆيىدە قەدىرسىز، ئوشۇق بىر بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مېنى ئەلۋەتتە تەربىيىلىمەيتىكەن، تەربىيىلەش بۇياقتا تۇرسۇن، نارىسىدە بالىلارنىڭ ئەڭ مۇھتاج بولىدىغان نەرسىسى ئوچۇق چىرايىنىمۇ كۆرسەتمەيتىكەن ... ھازىر بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەن قىش كۈنلىرى كېچىدە يالاڭ ئاياق، كۆينەكچان ھاجەتكە چىقىپ، بىر ئازدىن كېيىن ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىدىكەنمەن. قىش كۈنلىرى يېزا ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىش كىچىك بالا ئەمەس، خېلى چوڭ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈنمۇ قىيىن ئىكەنلىكى تەبىئىي - دە. شۇڭلاشقا مەن ئىشىكنى ئاچالماي، ئىشىك يېنىدا تاپانلىرىم مۇزغا چاپلىشىپ قېتىپ كەتكىچە ساقلاپ تۇرىدىكەنمەن.» دەپ يازىدۇ.

كېيىنچە ئانىسى مەمۇدە ئابدۇللانى ساسنا يېزىسىغا ئۆز يېنىغا ئالدۇرىدۇ. لېكىن، ئابدۇللا ئۈچۈن بۇ بەختلىك تۇرمۇش ئۇزاققا بارماي، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي ئاتىسى ئابدۇللانى ئۈچىلى يېزىسىغا بوۋىسى (ئاپىسىنىڭ ئاتىسى) زىنەتۇللا بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ تاشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا زىنەتۇللا بوۋاي ئۆز ئايالى ۋاپات بولۇپ، ئالتە بالىلىق بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ نامرات تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى. تۇقاي سەككىز جانلىق ئائىلىسىنى ئاران بېقىۋاتقان بۇ زىنەتۇللا بوۋاينىڭ ئۆيىدىمۇ «ئارتۇقچە» بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە تۇقاي ئۆزى مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ئائىلىدە كەمبەغەللىك شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بوۋامنىڭ ھاللىق-

راق خوشنا يېزىلاردىن پارچە - پۇرات نانلارنى تىلەپ كېلىدىغانلىقى ئېسىمدە..... مەن يەنە سىغىندىم. بىر كۈنى بوۋام ئۆگەي موماملىڭ مەسلىھەتنى بىلەن بولسا كېرەك، يېزىمىزدىن قازانغا بارىدىغان بىر هارۋىكەشكە تاپشۇرۇپ مېنى يولغا سالدى. هارۋىكەش قازانغا كەلگەندىن كېيىن پىچان (ئوت - چۆپ) بازىرىدا: «بېقىشقا بالا بېرىمەن، كىم ئالىدۇ» دەپ توۋلىدى. جامائەت ئىچىدىن بىر كىشى چىقىپ مېنى ئالدى ۋە بېقىۋالماق بولۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى.»

ئا.تۇقاينى بۇ قېتىم مۇھەممەد ۋەلى ئىسىملىك بالىسىز بىر كىشى ئايالى غەزىزە بىلەن بىرلىكتە ئىككى يىل ئۆز بالىسى ئورنىدا بېقىپ تەربىيەلەيدۇ. لېكىن، بۇ ئەر - ئايال ئىككىلىسى تەڭلا قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئابدۇللانى يەنە بوۋىسى زىنەتۇللا بوۋايغا قايتۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. لېكىن زىنەتۇللا بوۋاينىڭ ئائىلىسى بەكمۇ كەمبەغەل بولغانلىقتىن، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئابدۇللادىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. كۆپ ئۆتمەي قىرلاي يېزىسىنىڭ سەغدى ئىسىملىك بىر دېھقىنى بۇ ئالتە ياشلاردىكى ئابدۇللانى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بولغۇسى شائىر ئىككى - ئۈچ يىلدەك سەغدى ئاكىنىڭ "بالىسى" بولۇپ ياشايدۇ.

تۇقاينىڭ بۇ ئۆيدىكى تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئۆتىدۇ. بۇ يەردە ئۇ دەسلەپكى يىلى موللا ئايالدا، ئىككىنچى يىلى مەدرىستە ئوقۇپ، ئىپتىدائىي بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاخىرى ئۇ، 1895 - يىلى توققۇز يېشىدا ئۇرالسكى شەھىرىدىكى دادىسى بىلەن بىر تۇققان هامىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ.

تۇقاي ئورالسكىدا مەدرىسە يېنىدىكى رۇس سىنىپىدا ئوقۇپ، كېيىن مەدرىسىنىڭ ئۆزىگە يۆتكىلىدۇ ۋە ئۇ يەردىمۇ نامرات شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ يەردە كونا تاتار مەدرىسلىرىدە ئوقۇتىلىدىغان دىنىي كىتابلارنى ئۆگىنىشكە، مەدرىسىنىڭ ئېغىر، تىنجىق هاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، ئاچ - توق يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. كىچىكىدىن بىلىمگە ئىشتىياق، ئەدەبىياتقا هەۋەس باغلىغان تۇقاي، شۇ ۋاقىتتىكى تاتار تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن هەر خىل گېزىت - ژۇرناللارنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. پادىشا روسىيىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەپقەتسىز زۇلۇمدىن غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىر تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بىللە تارتقان ئا.تۇقاي 1905 - يىلىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە بۇ ئىنقىلابنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىجادىيەت ئىشلىرىغا پائال كىرىشىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئورالسكىدا تاتار تىلىدا گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىناتتى. تۇقاي بۇ يەردىكى مەتبەئە ئورۇنلىرىدا نابۇرچىك، كوررېكتور بولۇپ ئىشلەيدۇ، هەمدە دەسلەپكى شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشقا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

باشلايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇراللىسكى شەھىرىدىكى كامىل ئەپەندىنىڭ گېزىت - ژۇر-
ناللىرى نەشرىدىن توختاپ، ئۇنىڭدا ئىشلەپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
تۇقاي، خۇددى سۇيى قۇرۇپ كەتكەن كۆلدىكى بېلىققا ئوخشاش قىيىن ئەھۋالدا
قالىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن بۇ يەردە ھېچنىمە قالمىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇ نە-
شانىنى قازان شەھرىگە توغرىلايدۇ - دە، ئۇراللىسكىدىكى چاغلىرىدا ئەسەرلىرىنى
ئوقۇپ يۈرگەن ياشلار بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قازاندا چىقىرىل-
غان "تاڭ"، "تاۋۇش" ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىرى سەغىد رەمىيۋنى ئىزدەپ كې-
لىدۇ. رەمىيۋ تۇقايىنى تونۇماي سوغاق قارشى ئالىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭغا ئوشۇقچە
گەپمۇ قىلماي، ئۇنىڭ تېزرەك بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنى تىلەيدۇ. لېكىن تۇ-
قاي ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندە سەغىد رەمىيۋ ھەيرانلىق بىلەن ئور-
نىدىن سەكرەپ تۇرۇپ "يالاڭ باش، قارا كۆز، ئۈستىگە كەزەكمۇ ياكى جىلتىك-
مۇ ئەيتاۋۇر كونا بىر نەرسە كىيگەن، پۈتىدا كونىراپ كەتكەن ئايىقى بار ئاددى
بۇ يىگىت" بىلەن يېڭىۋاشتىن كۆرۈشىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇقاي قازان
شەھرىدە قېلىپ، سەغىد ئەپەندىلەر بىلەن بىللە تۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە قازان شەھرىدە «قازان مۇخبىرى»، «ئازاد»، «ئازاد خەلق»،
«تاڭ» ۋە «تاۋۇش» گېزىتلىرى نەشرىدىن توختاپ، پەقەت «يۇلتۇز» بىلەن «با-
يانلھەق» گېزىتلىرىلا داۋاملىق چىقىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي يەنە ئىككى گې-
زىت چىقىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىرى «ئەلىسلاخ» گېزىتى، ئىككىنچىسى "قازان
مۇخبىرى" نىڭ ئورنىغا دەسسىگەن «ئاخبار» گېزىتى ئىدى. ئابدۇللا تۇقاي بۇ
يەردە «ئەلىسلاخ» گېزىتىگە ئەسەرلىرىنى باستۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە بىر شەخسى «كىتاب»
ناملىق نەشرىياتقا خىزمەتكە كىرىپ، نەشرىياتتا كوررېكتور، پوسۇلكا - خالتىلار تې-
كىپ پوچتىغا سېلىش، كىتابخانىلارغا كىتاب تارقىتىپ تۇرۇش قاتارلىق ئاددى خىز-
مەتلەرنى قىلىدۇ.

1908 - يىلى ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا غەلىيەسقەر كامال ئەپەندىنىڭ «يە-
شىن» (چاقماق) ناملىق ھەجۋى ژۇرنىلى چىقىشقا باشلايدۇ. تۇقاي بۇ ژۇرنالغا
قىزغىن ھالدا ماقالە - شېئىرلىرىنى يوللاپ، ئۆزىنىڭ ھەجۋى ماھارىتىنى ئىشقا
سالىدۇ.

ئا.تۇقاينىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىگەن ۋە شۆھرىتىمۇ پەللىگە يەتكەن ۋاقتى شۇ
«ئەلىسلاخ» ۋە «يەشىن» دەۋرلىرى بولغان ئىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي پادىشا
روسىيىسى مۇپەتتىشلىرىنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن «ئەلىسلاخ» گېزىتى ۋە «يەشىن»
ژۇرنىلىنىڭ نەشرىدىن توختىتىلىشى تۇقاي ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى. بۇنىڭدىن
كېيىن تۇقاي «يۇلتۇز»، «ۋاقىت» ۋە «شورا» ژۇرناللىرىدا ئۆز ئەسەرلىرىنى ئانـ
دا - ساندا ئېلان قىلىپ تۇردى. شۇ چاغلاردا تۇقاي مەكتەپ ۋە باللار تۇرمۇشى-

غا چۆكۈپ، ئۆزىنىڭ «بالىلار كۆڭلى»، «ئالتۇن ئەتەچ»، «سۇ ئانىسى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى يازدى.

1910 - يىلى «يالت - يۇلت» ناملىق ھەجۋى ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا قازاندا «بايانلھەق» بىلەن «يۇلتۇز» دىن باشقا گېزىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم ياشلار «يالت - يۇلت» ژۇرنىلىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىدۇ. تۇقايمۇ ئۆزىنىڭ ھەجۋى ماھارىتىنى «يالت - يۇلت» تا يېڭىدىن كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئابدۇللا تۇقاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىدا دېيەرلىك ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ ۋە ئۇنىڭ بەزىبىر سانلىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن توشقۇزۇپ تۇردى.

ئا. تۇقاي قازانغا كەلگەندىن كېيىن ئۆز تۇرمۇشىنى تۈزەپ تەرتىپكە سېلىشقا، ئۆزىگە لايىق تېپىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا ئالدىرىمايدۇ. چوڭ ئەرباپلارنىڭ، يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئولتۇرۇش - يىغىلىشلىرىغا بارمايدۇ. «غايىسىز»، «تەلۋە ياشلار» دىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ كەڭ قازاننىڭ كىچىككىنە بىر بۇلۇڭىدا بىر قانچە ئاغىنىلىرى بىلەن ياشايدۇ. ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىنى كۆرگەن كىشىلەر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بىر كارۋات، بىر ئۈستەل ...... ئۈستىدە قانداق بولسا شۇنداق تاشلانغان قەغەزلەر ۋە بىرەر كىتاب ... شائىرنى ئۇ يەردە كۆپىنچە كارۋاتتا ئۈستىگە پەلتۇسىنى يېپىنىپ ياتقان ھالدا ياكى بولمىسا چاچلىرىنى تۇزدۇرۇپ بويىنىغا شارپىغا ئوخشايدىغان بىرەر نەرسە باغلاپ، ئىسقىرتىپ، رۇسچە ياكى تاتارچە جىرلاپ يۈرگەن ھالدا كۆرۈش مۇمكىن ئىدى... ئۇ، كىشىلەرنى بۆلمىسىگە بەك ئاددىلا ۋە تەكەللۇپسىز قوبۇل قىلاتتى. كىشىنىڭ دەرىجىسىگە، ئەمەلىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ يۈرۈش تۇرۇشىنى، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمەيتتى.»

تۇقاي قازاندىن چەتكە كۆپ چىقمايدۇ. 1911 - يىلى يازدا ئۆزىدە ئاغرىق ئالامەتلىرى بىلىنگەندىن كېيىن، قازاندىن ئاستراخانغا كېلىدۇ. لېكىن تۇقاينىڭ ئاغرىقىغا ئىدىل دەرياسى ئۆزىنىڭ يازغى شاۋقۇنلىرى، يېشىلزارلىقتا پۈركەنگەن يارقىن سەھرالىرى بىلەن شىپالىق بېرەلمىدى. تۇقاي ئاستراخاندىن قايتقاندىن كېيىن، قىشقا يېقىن مىجەزىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بەزىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قازاننىڭ كەينىدىكى ئۆز تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەھۋالى توغرىلىق تۇقاي ئۆزىنىڭ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەيتاۋۇر يېزىغا يېتىپ كەلدىم. ساندۇق شەكىللىك، ناراتتىن① سېلىنغان كىچىككىنە ئاق ئۆي ئۆزەمنىڭكى. كۈنىگە ئىككى قېتىم ئوت يېقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بەك ئىسسىق، پۈتۈنلەي يېشىنىپ ئۇخلايمەن. ئەتىگەنلىكى

① نارات - دەرەخ ئىسمى.

يېڭى سېغىلغان سۈت ئىچىمەن، مۇمكىن قەدەر سۇتنى كۆپرەك ئىچىشكە تىرىشىـ مەن. لېكىن، يېزىلاردا كاللار تۇغماپتىكەن. ھازىر ئۆزەمنى بىر ئاز ئوكسىلىـ ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. قازاندىن ئېلىپ قايتقان دورىلارنىمۇ ئىسـ تېمال قىلىۋاتىمەن. مۇشۇنداقلا بولسا بىر - ئىككى ئايدىن كېيىن ساقىيىپ قالـ دىغان ئوخشايمەن.»

بۇ كىچىككىنە يېزا ساياھىتى تۇقاينىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ «جان ئۇزۇقلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇشۇ يېزىدا يازدى. بۇنىڭدىكى «يۇلتۇزدىنمۇ قورقىدۇ»، «كۈتمىگەندە»، «بوران» ناملىق شېئىرلىرى مۇشۇ ساياھەت ۋاقتىدىكى قىشقى سەپەر تەسىراتلىرى ئىدى.

ئۇ يازغا يېقىن يەنە قازانغا قايتىپ كېلىپ ياتاقتا تۇرۇشقا باشلايدۇ. يېزىدا ئۆزىگە بېرىلگەن مەخسۇس ئۆيدە ئوت ياقتۇرۇپ، ئىسسىق تۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان تۇقاي، قازاندا يەنە مۇزلاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭغا بەزى دوست - بۇرادەرلىرى باشقا بىرەر يەرگە بېرىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ داۋالىنىپ كېلىشكە مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، تۇقاي ئۇفا، پېتىربۇرگ ھەم ترويىسكى شەھەرلىرىدە يازنى ئۆتكۈزىدۇ.

پېتىربۇرگ شەھرىگە كەلگەندە دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر چوڭ دوختۇرغا كۆرۈنىدۇ. دوختۇر تۇقاينىڭ يېنىدىكى دوستىغا ئايرىم ھالدا: ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچار، تېۋبېركـۇلوزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئۆپكىسىنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي چىرىگەن. ئىككىنچى قىسمى بىلەن نەپەس ئېلىۋېتىپتۇ، - دەيدۇ.

1912 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قازاندا نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان «قۇياش» گېزىتىگە خىزمەتكە كىرىدۇ. شۇ ئارىلىقتا «ئاڭ» ژۇرنىلىمۇ نەشىر قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر سانىنىڭ باش تەرىپىگە تۇقاينىڭ بىر - ئىككى شېئىرىنى بېسىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ مەزگىللەردە تۇقاينى ئاغرىق ئىچ تەرىپىدىن يەپ تۈگىتىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ نالە قىلىپ يىغلاپ يېتىۋالمىغان، ئىشلەشتىن، ئىجادىيەتتىن توختىمىغان ئىدى.

1913 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۇقاي يېقىنلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بالنىتسىغا كىرىدۇ.

تۇقاي بالنىتسىدا 31 - مارتقا قەدەر ھالسىزلانماي ۋە ئۆزگەرمەي بىر خىل ياتىدۇ. گېزىتلەر ئوقۇيدۇ، يوقلاپ بارغان كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىدۇ. پەقەت 31 - مارت كەچ سائەت بەشتە ئۇنىڭ ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ بىردىن قاتتىق ئاغرىق ئازاۋىدىن تاماقتىن قالىدۇ ۋە ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يوقلاپ كەلگۈچىلەر بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئاز سۆزلەيدۇ. 1 - ئاپرېل كۈنى

چۈشتىن ئاۋال سائەت 11 دە: «ھالىم ناچار، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق چىدىيالماسمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ دوست-يارلىرى نۆۋەتلىشىپ يېنىدا تۇرۇشقا باشلايدۇ.

1913-يىلى 2-ئاپرېل كەچ سائەت 8 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە تۇقاينىڭ يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختايدۇ. تاتار خەلقىنىڭ يالقۇنلۇق شائىرى ئابدۇللا تۇقاينىڭ ۋاپاتى پۈتۈن خەلق قايغۇسىغا ئايلىنىدۇ. تاتار خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئۇ ھەقتە ماقالىلار، جىرلار، بېيىتلار ئېلان قىلىندۇ. 4-ئاپرېل كۈنى قازان خەلقى شائىر بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا دەريادەك ئېقىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچى-تېشى مىڭلىغان ئادەملەر بىلەن توشۇپ چوڭ ھازا ئېچىلىدۇ. كىتابخانىلار، گېزىت-ژۇرنال ئىدارىلىرى، دوست-يارانلىرى، ستودېنت ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئەدىبلەر، ئارتىستلار تەرىپىدىن قويۇلغان گۈل چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن تاۋۇتنى كۆتىرىپ مىڭلىغان كىشىلەر قەۋرىستانغىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ. تۇقاينى دەپنە قىلىش خەلق نامايىشى تۈسىنى ئالىدۇ.

× × ×

ئابدۇللا تۇقاينىڭ ئىجادىيىتى-زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئىجادىيەت. ئۇ ئۆزىنىڭ يەتتە-سەككىز يىللىق ئىجادىيىتى جەريانىدا ئون مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىر، قىرىق-ئەللىك باسما تاۋاققا يېقىن نەسرى ئەسەر يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە لىرىك شېئىر، پوئېما، چۆچەك-راۋايەتلەر، فېليەتونلار، ئىجتىمائىي سىياسى ۋە ئەدەبىي تېمىلارغا بېغىشلانغان ماقالىلار بار.

تۇقاي ئۆز دەۋرىدىكى دېموكراتىك ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنقىلابى روھقا تولۇپ-تاشقان ئىدى. ئۇ، «سورى قۇرۇتلارغا»① دېگەن شېئىرىدا:

ئاشاپ ياتقان سورى قۇرتقا قادالدىم مىسلى خەنجەرمىن،
بۇلارنىڭ مەسلەگى بىزنى تالاۋېيت بىردە قۇتقارماي.
يازام، يوق، توقتامىيم مىن ھىچ ئالاردان بىردە قوت چىقماي،
نىدەندىر جاننارىم بۇ قۇرقۇلاردان بىردە سىزلانماي.
چىبىن جانىمنى چىن يولدا بىرەم مىڭ كەررە، قىزغانمىيم،
مىينىم چىن مەسلەگىم-يۇلىم بۇتۇنلەي سوتسىياللارداي.

دەپ يازغان ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ «چىن يول» ئۈچۈن كۈرەش

① سورى قورت-شورىغۇچى قۇرۇت، پارازىت مەنىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، پۈتۈن كۈچ قۇۋۋىتى، ئەقىل-پاراسىتىنى بېغىشلىدى.
ئابدۇللا تۇقاينىڭ ئۆز خەلقى، تۇغۇلغان يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدىلا ئەكس ئېتىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدىلا ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك ھالدا ئېزىلگەن، كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ خارلانغان تاتار ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋە ياقىلىغۇچىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ئۇ «كۆز» ناملىق شېئىرىدا:

نىچە ئەيتسەڭ دە كۆكلىسىز، كۆز كۆكلىسىز،
چەچەكسىز كۆز، ئۇلەنسىز① ھەمدە گۈلسىز.
ئۇلىپ تۇرسام ئىدى مىن ئالتى ئايداي،
ئىرىپ بىر يوقلاسام مىن سارى مايداي.
شۇلاي يۇقلاپ باھار جىتكەندە تۇرسام،
شۇلاي تاغى يەشىل جىردە ئۇتىرسام.
قاچان سوڭ، ئى فەقىر مىللەت باھارىڭ،
قاچان كىتەكىچمىڭ، كىلەر نەھارىڭ.②

دەپ جىرلاپ ئۆز خەلقىنىڭ باھارىنى كۈتكەن ئىدى.
تۇقاي ئانا تۇپرىقىنى ۋە ئۇنىڭ باي تەبىئىتىنى، كەڭ سەھرا، قويۇق ئورمانلىرىنى، شىلدىرلاپ ئاققان سۈزۈك بۇلاقلىرىنى چىن كۆڭلىدىن سۆيەتتى. تۇغۇلغان يۇرت مەنزىرىسى ئۇنىڭغا پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ بېرەتتى. ئۇ «تۇغان جىرىمە» دېگەن شېئىرىدا:

ئايرىلىپ كىتسەمدەسىنىنەن غومرىمنىڭ تاڭىندا مىن،
ئى قازان ئارتى! سىڭا قايتتىم سۆيۈپ تاغىندا مىن،
ئۇل تانىش قىرلار، بۇلۇنىار تارتتى ئەۋۋەل خىيسىمنى،
تارتا تۇرغاچ قويمادى، قايتاردى ئاخىر جىسمىمنى.

دەپ يازغان بولسا، قازانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇنىڭغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ يازغان «تۇغان ئاۋىل» دېگەن شېئىرىدا:

تاۋ باشىنا سالىنغاندىر بىزنىڭ ئاۋۋىل،
بىر چىشمە بار، ياقىن بىزنىڭ ئاۋۋىلغا ئۇل.

---

① ئۇلەن — ئوت-چۆپ.
② نەھار — كۈندۈز.

ئاۋۇلىمىزنىڭ يەمىن، سۈۋى تەمىن بىلەم،
شۈكار كۆرە سۆيەم جانىم، تەنىم بىلەن.

بۇ دۇنيادا بەلكى كۆپ-كۆپ ئىشلەر كۆرەم،
بىلگىمىزدىر قايا تاشلار بۇ تەقدىرىم.
قايا بارسام، قايدا تۇرسام نىشلەسەمدە،
خەتىرىمدە مەڭگى قالىر تۇغان ئىلىم.

دەپ يازىدۇ.

لېكىن، ئا. تۇقاي ياشىغان كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە مۇنداق تەبىئىي گۈزەللىكلەر بىلەن ئۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ قارىمۇ-قارشىلىقلار ھۆكۈم سۈرەتتى. تۇقاي سۆيگەن ئەمگەكچى خەلقلەر بۇ بايلىقلاردىن بەھرىمان بولالمايتتى. بۇ گۈزەللىكلەر بىلەن لەززەتلىنەلمەيتتى. دائىم ئاچلىق ھالاكىتى ئاستىدا ياشايتتى. ئەلنىڭ پۈتۈن بايلىق ۋە گۈزەللىكلىرىدىن ئەزگۈچى بايلار، بۇرژۇئازلار پايدىلىناتتى، كەيپى-ساپا قىلىشاتتى. تۇقاي بۇ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنى ئۆز ئىجادىيىتىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇردى. لېكىن ئۇ كۆرگەنلىرىنى ئاددىلا قىلىپ كۆچۈرۈۋالغۇچى، خەلقنىڭ قايغۇلىرىنىلا كۈيلىگۈچى ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇنداق شارائىتتا ياشىغۇچى خەلقى ئۈچۈن چىن قەلبىدىن ئېچىناتتى. ئۆزىنىڭ سۆيگەن خەلقىنى بەختلىك قىلغۇسى، شامال كەبى ئەركىن، قۇياش كەبى نۇرلۇق تۇرمۇشتا ياشاتقۇسى كېلەتتى. ئۆز خەلقىنى مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈرگەن سەۋەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي تومۇرىنى سېزەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ساتىراسى بىلەن ئەزگۈچىلەرنىڭ بۇزۇق ئەخلاقلىرىنى، ياۋۇزلۇق رەزىللىكلىرىنى پاش قىلاتتى. خەلقنى ئۇلارغا قارشى كۈرەشكە چاقىراتتى. ئۇ بىر خېتىدە: «مەن... پەقەت شائىرلا ئەمەسمەن. مەن دىپلومات، سىياسىئون، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. مېنىڭ كۆزۈم كۆپنى كۆرىدۇ، قۇلىقىم كۆپنى ئاڭلايدۇ» دەپ يازغان ئىدى.

ئۇ «سورى قۇرتلارغا» دېگەن شېئىرىدا خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ:

ئاشار بىزنى دە بۇ قۇرساق، باسار تىز بىز بۇلاي تۇرساق،
ئايا قۇرساق ۋە يا قۇرساق جىھاننى قاپلادىڭ ۋاي، ۋاي!
ماتۇر بولىر بۇ قۇرساقلارغا قارشىچارالار كۆرسەك،
توتىپ يارساق بۇلارنى بىر زامان ئۆتكەرمى، قارتايماي.

دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ «پىچەن بازارى»، «سۆلى قادىمچە» قاتارلىق پوئېمالىرى

تاتار تۇرمۇشىدىكى پارازىت، تېرىكتاپلارنى تېپىكلاشتۇرۇپ، رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇللا توقاي كېسىكباش ئوبرازىغا پىچان بازىرىدىكى سودىگەرلەرنىڭ خاراكتېرلىرىنى توپلىغان. ئۇ كېسىكباش ھەققىدە:

سىز بىلەمسىز بۇ كېسىكباش ئەلى دە بار،
كۈن كۆرە ياخشىغىنا ـ ئۇل سەۋدەگەر.

دەپ يازىدۇ ـ دە، كېسىكباش ھەققىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆزلىتىدۇ:

باشتىن ئۆتكەننى سۆيلەمىن تىڭلاغىز:
مەن خاجى ـ باردىم خاجە تۇقسان تۇغىز...
مەن گىلاسنىيلىقتا① تۇرمىشىم يەنە،
بۇ شەھەرنىڭ دۇماسىندا ئون سەنە②...

ئىتە ئىدىم كۈندە بىر قۇرئان خەتىم،
ئالمىشىم غۇمرىمدە ئون بىشلەپ خاتىن،
تىچ باردىر ئىدىم «تەتەيلەر» رەتىنە،
ئەۋرىلىپ كۆندىز كىشى سۇرەتىنە...

سودىگەرلەر كېسىكباشنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۆزلىرىگە خاس قىلىقلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ قالىدۇ.

توقاي ئۆز ئەسەرلىرىدە تاتار خەلقىنى مۇتەئەسسىپ موللا، ئىشانلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلغان ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ساختىپەز، جاھالەتپەرەسلىكىنى خەلق ئالدىدا پاش قىلىدۇ، ئۇنىڭ «ئىشان»، «دىن ۋە ئاۋام»، «رەسىمگە ئىشارە»، «گۇناھ» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇ، ئەشۇنداق ئىشانلارنى تەسۋىرلەپ:

كۆزنى يۇمغان، مۈيىن بۈككەن باشىندا چالما چورنالغان،
كىبەن چالما،③ كىبەك باشتا: ئىشان بولغان، ئىمىش خايۋان!

دەپ يازىدۇ.

① گىلاسنىي ـ شەھەر دۇماسىنىڭ ئەزاسى. ② سەنە ـ يىل.
③ چالما ـ سەللە.

ئۇ، «ئاۋۇل مەدرەسەسى» دېگەن شېئىرىدا مەدرىستە ئوقۇيدىغان تاتار ياشلىرىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ ئۇلارنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ مەدرىسىدە ھالاك بولىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىدۇ.

ئابدۇللا تۇقاي تاتار بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىگە قارشى كەسكىن كۆرەش ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇنىڭ «شارتلار»، «مىللەتچى»، «مىللەتچىلەر» قاتارلىق شېئىرلىرى شۇنداق ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ «مىللەتچىلەر» دېگەن شېئىرىدا:

مىللەتچىلەر سىنى پەقەت ئالدىي غىنا،
دېگەن بولۇپ: جانلاناسىڭ سېين تىزمىنە.
ئالدانماسىن، قالغان ئاقچاڭ ئۈچىن ئالار،
ئۇقىيلار ئىچ باش ئوچىڭدا ياسىن غىنا!

دەپ تاتار ئەمگەكچى خەلقىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

1907-يىللار ئەتراپىدا تاتار ئەمگەكچى خەلقى ئارىسىدا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن قورققان رۇس شوۋىنىستىك بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى: تاتارلار روسىيەدە تۇرۇشنى تەس بىلسە، تۈركىيەگە كۆچۈپ كەتسۇن، دېگەندەك ئاخمىقانە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ ۋاقىتتا تۇقاي تاتار ۋە رۇس بۇرژۇئازىيە مىللەتچىلىرىنىڭ بۇ كۈشكۈرتىشلىرىگە قارشى ئۆزىنىڭ «كيتمىيبىز» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتقا تولغان شېئىرىنى يازدى:

قارا يۈزلەر بىزنى بۇلماس ئىشكە تەكلىپ ئىتتىلەر:
— سىزگە مۇندا يوق ئىيرىك، سولتان جيرىنەكيت! - دىلەر.
كيتمىيبىز بىز، بىزگە ئاندا مۇنداغىدان ئىش قىيىن:
مۇنداغى ئون ئورنىنا ئۇل جيردە ئون بىش ئىشپيون!
مۇندا تۇدىق، مۇندا ئۆستىك مۇندادىر بىزنىڭ ئەجەل،
بەيلەمىش بۇ جيرگە بىزنى تەڭرىمىز (غىيززى ۋەجەل)①
ئاپ-ئاچىق بۇ بىر جاۋاپتىر، سۆزدە تۈگىل، باسمادا.
يېسلى لۇچشې ۋام، تۇدا سامى پاژالتى گوسپودا!②

دېمەك، بۇ شېئىر تاتار بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى ۋە رۇس بۇرژۇئا ۋەكىللىرىگە قايتۇ-

① غىيززى ۋەجەل — مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ.
② ئەگەر سىلەرگە ياخشى بولسا ئۆزەڭلار كېتىۋېرىڭلار. جاناپلار.
(Если лучше вам, Туда сами пажалти господа!)

رۇلغان قاتتىق جاۋاب، قاقشاتقۇچ زەربە بولغان ئىدى. ئابدۇللا تۇقاينىڭ ئىجادىيىتى تاتار خەلقىگە ئۆز دۈشمەنلىرىنى تونۇشقا ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى خەلقى-نىڭ كۈچى ۋە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىدى.

تۇقاينىڭ:

كۆك بۇلىپ كۆكىرەر خاۋادا خۇر يەشەۋ داۋلاشلارى،
يالتىرار ئىزگى كۈرەشنىڭ خەنجەرى، ئالماسلارى،

دېگەن مىسرالىرى بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئابدۇللا تۇقاي ئۆز ئىجا-دىيىتىدە دەۋرنىڭ ئەڭ ئاكتىپال مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرغا قويدى ۋە ئۇلارنى ئىنقە-لابىي دېموكراتىك يۆنىلىشلەر بويىچە ھەل قىلدى. ئۇ تاتار خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرىنى ئاددى تۇرمۇش — كۈن كۆرۈش مەسىلىلىرىدىن باشلاپ ئەڭ يارقىن تىلەك تەلپۈنۈشلىرىگە قەدەر ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈردى. تۇقاي ئىجادىيىتىدە تاتار خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملىك ئىشچى ئەۋلادى ۋە مۆتىبەر زىيالىلىرى ئىسلام دىنى قانۇنلىرى بىلەن كاپىتالىستىك چەكلىمىلەر ئاستىدا ئېزىلگەن «تاتار قىزلىرى» ۋە «فورىيات» ئەتكۈچى تاتار ئاياللىرى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇن ئالدى. تۇقاي تاتار خەلقىنىڭ كېلىچەك ئۈمىدى بولغان باللار، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان شېئىرلار يازدى، دەرسلىك ۋە ئەدەبىي توپلاملار چىقاردى. ئۇنىڭ باللار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، باللاردا ۋەتەنگە، ئانا تىلىگە، مۇھەببەت، ئىشقا، بىلىمگە ئۇندەش ھەم باللاردا بەدىئىي قىزىقىش تۇرغۇ-زۇشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ «تۇغان تىل» دېگەن شېئىرىدا:

ئى تۇغان تىل، ئى ماتۇر تىل، ئەتكەم، ئەنكەمنىڭ تىلى!
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم سىيىن تۇغان تىل ئارقىلى.
ئى تۇغان تىل، ھەر ۋاقىتتا ياردەمىڭ بىرلەن سىينىڭ
كىچىكەنەدەن ئاڭلاشىلغان شاتلىغىم، قايغىم مىينىم.

دەپ يازىدۇ. يەنە «ئىشكە ئۇندەۋ» دېگەن شېئىرىدا باللارنى تىرىشچان ئىشچان بولۇشقا ئۇندەيدۇ ۋە ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىپ:

زۇر بەختلەر سىزغانىپ① ئىشكە بىرلىگەنەن كىلە،
ئاھ، ئۇيات، خورلىق، تۇبەنلىكلەر ئىرىنگەنەن كىلە.

① سىزغانىپ — يەڭنى تورۇپ.

بۇلسا قالدىرماق بىرەۋ ئۇشبۇ جىھاندا ئىزگى ئات،
تىر بىلەن تاپىسىن ئاشارىن، ئېيتسىن ئەلبەت، ئىجتىھات.

دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ «ئىش»، «قىزىقلى شەكىرت»، «قارلىغاچ»، «سۇ ئاناسى»، «كەجە بىلەن سارىق»① قاتارلىق ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ تاتار باللىرى قىزىقىپ ئوقۇپ يادلاپ كەلمەكتە. تۇقاي رۇس ئەدەبىياتى، شۇ ئارقىلىق دۇنيا ئەدەبىياتىدىن قىزغىن ئۆگەندى. ئۇ بايرون، شىللېردىن رۇس تىلى ئارقىلىق بىرمۇنچە شېئىرلار تەرجىمە قىلدى. رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ چېۋەر ئۇستىلىرى بولغان پوشكىن، لېرمونتوۋ، تولستوي ئىجادىيەتلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەنئەنىلىرىنى تاتار ئەدەبىياتىدا قوللىنىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. ئۆزىنىڭ «مۇخەببەت» دېگەن شېئىرىدا:

چىر كۆگەرمەس، گۈل ئاچىلماس تۆشمەي ياغىر تامچىسى،
قايدان ئالسىن شىغىرنى شاغىر، بۇلماسا ئىلھامچىسى؟
بىر گۈزەلدەن قايسى شاغىر ئەيتىڭىز رۇخلانماغان؟
بايروننىڭ، لېرمونتوۋنىڭمى، پۇشكىننىڭمى، قايسىسى؟

دەپ يازىدۇ.

ئا. تۇقاينىڭ خەلق تۇرمۇشىنى توغرا ھەم تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشىدە، شۇنداقلا خەلق شائىرى بولۇپ يېتىلىشىدە تاتار خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى زور رول ئوينىدى. توقاي خەلق ئەدەبىياتىغا زور ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. ئۇ بۇ ھەقتە: «مەن كىچىكىمدىن تارتىپ جىرچى ئىدىم، مەيلى قانداق يەردە تۇرسامۇ جىر ئاۋازىنى سالىقىن قان بىلەن ئاڭلىيالمايتتىم...... كىچىكىمدىن كۆڭلۈمگە پۈتۈلگەن جىرلارنى سۆيگەنلىكىمدىن مەندە ئانا تىلىمىزنى سۆيۈش تۇغۇلغان» دېگەن ئىدى. خەلق ئەدەبىياتىغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «خەلق زور ھەم كۈچلۈك. دەرتلىك ھەم مۇڭلۇق، ئەدىب ھەم شائىر» دېگەن ئىدى. تۇقاي تاتار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش نەزەرىيە ئاساسىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن لېكسىيىلەر ئوقۇش، تاتار جىرلىرىنىڭ تارىخىنى، تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئۇ، «شۈرەلى»، «سۇ ئاناسى»، «تاز»، «كەجە بىلەن سارىق» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا يازىدۇ. تۇقاي ئۆز شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى، مۇھىم سىياسى ماقالىلىرىنى ساپ تاتار تىلىدا يازدى.

① ئۆچكە بىلەن قوي.

ئۇ: «خەلق جىرلىرى بىزنىڭ كىلەچەكتە بەرپا بولىدىغان ئەدەبىياتىمىزغا شۈبھىسىزكى ئاساس بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇ بۇ كۆز قارىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

تۇقاي ئىجادىيىتى باشتىن - ئاخىر ئۇممىتۋارلىق، كۆتىرەڭگۈ روھلۇق كەيپىيات بىلەن تولغان ئىجادىيەت بولدى. شەخسى تۇرمۇشىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ ئېغىر مىنۇتلاردىمۇ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمىدى. ئۇ «ئۇممىت» دېگەن شېئىرىدا:

يوق قۇياشىم، مىين بىلەم، سىين باتماغانىلىق مەڭگىگە؛
سىندە ۋۇجدان، بىر تۇرىرسىڭ، ياتماغانىلىق مەڭگىگە.

دەپ يازدى.

تۇقاي ئەڭ كەسكىن ئىجتىمائى - سىياسى ۋەزىيەتتە ياشىغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۆز كۆز قاراشلىرىدا قەتئىي، ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئوڭغا، سولغا ئېغىشماي، داۋاملىق ئالغا» بېسىشتا چىڭ تۇرغان ئىدى. لېكىن، بىر تەرەپتىن ئۆمۈر بويى بۇرژۇئازىيە مىللەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى، تۇرمۇشتا يوقسۇللۇق، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئاغرىق - سىلاق شارائىتىدا ئۆتكۈزگەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن قارا بۇلۇت قاپلىغان جەمئىيەتتە ياشىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھ - زارى ساپ ۋە سېزىمچان قەلبىگە تېنچلىق بەرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ھامان شائىردا غەمكىنلىك، قايغۇلۇق ھېسسىيات كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇقاي بۇ غەمكىنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىگە ئىزاھ بەرگەندەك، ۋاپات بولۇشتىن بىرەر كۈن بۇرۇن يازغان «قىيتغا» (پارچە) دېگەن شېئىرىدا:

كۆچلەرىمنى مىين قارا كۆڭنەرگە ساقلىي ئالمادىم،
كۆڭنەرىمنىڭ ھىچبىرىن دە، چۇنكى، ئاق، دي ئالمادىم.
بۇلدى يۇلدا كىرتەلەر، ئىتتەن كۆبەيدى دوشمانىم،
چۇنكى زالىملارنى، ئۆستىننەرنى ياقلىي ئالمادىم.
قايتمادى ئۇچ، بىتتى كۈچ، سىندى قىلىچ، شۇل بولدى ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزەم، دۇنيانى پاكلىي ئالمادىم.

دەپ يازغان ئىدى.

تۇقاي ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتكەن بەزى غەمكىنلىكلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇنسىز بولماس:

قۇزغاتماقچى بولساڭ خالىق كۆڭۈللەرىن،
تىيىرەتمەكچى بولساڭ ئېلىڭ نەچچە قىللارىن.
كۆيلەۋ تىيىش، ئەلبەت، ئاچى خەسرەت كۆيىن،
كېرەك تۇگىل① مەغمەنەس يوق كۆلكى، ئويىن،

بۇ مىسرالار تۇقاينىڭ غەمكىنلىكى شۇ ۋاقىتتىكى كۆڭۈلسىز، قايغۇلۇق تەرەپ-لەرگە خەلقنىڭ ئېتىبارىنى قوزغاش مەقسىتى بىلەن ئاڭلىق ھالدا قوللانغان بىر ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۇقاي يەنە:

بىزنىڭ ئۆمىر ئويىن تۇگىل، بەيرەم تۇگىل،
ھيچ قايغىسىز كىشى بولسا، ئادەم تۇگىل.

دەپ يازىدۇ. دېمەك، تۇقاي ئىجادىيىتىدە ئۇچرايدىغان بەزى غەمكىنلىكلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئاسىل بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى سەلبى ئەھمىيەتتىن قېچىشقا، كۆرەشتىن قول ئۈزۈشكە چاقىرىدىغان ئىجادىيەت ئەمەس، بەلكى كۆرەشكە ئۈندىگۈچى، جەڭگىۋار ئىجادىيەت ئىدى. ئۇ، 1908 - يىلى روسىيەدە ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر قاپلاپ كەتكەن كۈنلەردە «شاغىر» دېگەن شېئىرىدا:

جىرلىي - جىرلىي ئۆلەرمىن ئۆلگەندەدە،
دەشمىي قالمام غازىرايىلنى كۆرگەندەدە.
«بىز كىتەبىز، سىز قالاسىز» دىپ جىرلارمىن،
جەسەدىمنى تۇفراق بىلەن كۆمگەندە دە.

دەپ ۋەدەقىلغان ئىدى. تۇقاي ئاخىرى بۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. تۇقاي ھەر قانداق غەمكىنلىك باسسىمۇ، ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقاتمىدى. ئۇنداق ۋاقىتلاردا يۈكسەك ئىدىيەلەرنىڭ مەنبەسى بولغان كىتابلار سەھىپىسىدىن ئۆزىگە كۈچ - قۇۋەت تاپاتتى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ جەڭگىۋارلىق ھېسسىياتقا تولغان شېئىرلىرىنى يېزىپ، جەڭگە ئاتلىناتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كىتاب» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ھيچتە كۆڭۈلىم ئاچىلماسلىق ئىچىم پۇشسا،
ئۆز - ئۆزىمنى كۆرالمىچا، روھىم تۈشسە.
جەفا چېكسەم، يۇدەپ بىتسەم،بۇ باشىمنى،
قويالمىچا جانغا جىلى ھيچبىر تۈشكە...

① تۇگىل — ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

...شۇل ۋاقىتتا مېن قولىما كىتاب ئالام،
ئانىڭ ئىيزگى سەخىيفەلەرىن ئاقتارام؛
رەختەلەنىپ كېتە شۇندا جانىم، تەنىم،
شۇنىنان غىنا دەرتلەرىمە دەرمان تابام...
...جىڭىللەنەم، مەغسۇملەنەم مېن شۇل چاقتا،
رەخمەت ئەيتەم ئۇقىغانىم شۇل كىتاپقا،
ئىشانىچىم ئارتا مېنىم ئۆز-ئۆزىمە،
ئۈمىت بىرلەن قارىي باشلىيىم بولاچاققا.

تۇقاي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا قەدەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يازغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ سۆيگەن خەلقىگە، خارلانغانلارغا، كەمبىغەللەرگە بېغىشلىدى:

جان تىنچلاندى، دىمە، بولغانغا مالدا ئارتىغىڭ:
ئارتىق ئول، ئالغانغا نامەغلۇم غارىيپلەر ئاقتىغىن.
تەملى بولغانغا غاجەپلەنمە بۇ بايلار ئاشلارى،
كۆپ ۋاقىت بورىچى، تۇزى مىسكىن، گىدايلار يەشلەرى.

ئابدۇللا تۇقاينىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدىنلا تاتار خەلقى ئۆز شائىرىنى تونۇۋالغان ئىدى. ئۇ، تاتار خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ۋىجدانلىق، ئەڭ قەيسەر شائىرى بولۇپ قالدى، تۇقاينىڭ شېئىرلىرى بىرىنچى قېتىم بېسىلىپ چىققان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر تاتار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقى سۆيۈپ ئوقۇماقتا. ھازىر تاتار خەلقىنىڭ مەكتەپ يېشىغا تولغان بالىلىرىدىن تارتىپ، چاچلىرى ئاقارغان چوڭلىرىغىچە تۇقاينى بىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دەستۇر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

× ×

تۇقاي ئەسەرلىرى شىنجاڭغا 1910 - يىلى كىرىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن بۇيان تۇقاي ئەسەرلىرى ئۇيغۇر يازغۇچى شائىرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئىلھام ئالىدىغان ئاساسىي مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ ئازادلىق - ئەركىنلىككە، دېموكراتىيىگە ئىنتىلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە قەلەمكەشلىرى تۇقاينىڭ ئىنقىلابىي جەڭگىۋار روھى قاتۇرۇلغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. بۇ مەزگىللەردە تۇقايدىن چوڭقۇر تەسىر ئېلىپ ئۆز ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ قويۇق تۈس بەرگەن يازغۇچى شائىرلاردىن

نىمشېھىت، ئەخمەت زىيائى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مەرۇپ سەئىدى، خېلىل ساتتارى، ئەنۋەر ناسىرى، قاسىمجان قەمبىرى، زۇنۇن قادىر، شۈكۈر يالقۇن، ن. بوساق، كېۋىر نىياز، ئابلىز نازىرى، قاسىمجان قىسمىتى، ئۆمەر ھاپىز، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئابلىز شىرىپ، ئىمىن تۇرسۇن، بىلال ئەزىزى قاتارلىق قەلەمكەشلەرنى ئاتاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر يۈكسىلىش بارلىققا كەلگەن، قەلەمكەشلەر تۈركۈملەپ - تۈركۈملەپ يېتىلىپ چىققان ۋەزىيەتتە ئەگىشىپ تاتار مەدەنىيىتى، تاتار ئەدەبىياتىمۇ شىنجاڭدا كەڭ قانات يايغان ئىدى. ئىلىدا مەرىپەتپەرۋەر مەرۇپ سەئىدى، شائىر ئەنۋەر ناسىرىلار تۇقاي تەسىرىنى ھەممىدىن بالدۇر قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئىدى.

مەرۇپ سەئىدى 1916 - يىلى غۇلجىدا يېڭىچە (پەننىي) مەكتەپ ئاچقان. ئۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىدا كۆپىنچە دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرەر سىنىپى يېڭىچە ئېچىلاتتى. يېڭىچە ئېچىلغان سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تاتار تىلىدا پەننى دەرسلەرنى ئاڭلاپ، تىل - ئەدەبىيات دەرسلىرىدە، تاتار تىلىدا تۇقاينىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشى شەرت ئىدى. باللار مەكتەپكە كىرىدىغان ۋاقتىدا تۇقاينىڭ بىرەر شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەلمىسە، مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇ ۋاقىتتا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ كىچىككىدىن تاتار تىلى بىلەن تونۇش، زېھنى ئۆتكۈر، زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇقاينىڭ «تۇغان تىل» دېگەن شېئىرىنى ياد ئوقۇپ بېرىپ، مەرۇپ سەئىدىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن تاتار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تاتارچە شېئىرنى ياخشى ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن تاتار مۇئەللىملەر ھەيران قالغان ئىدى. ل. مۇتەللىپ نۇرغۇن تاتارچە جىر - قوشاقلارنى ياد بىلەتتى. تۇقاي ئەسەرلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن شېئىرمۇ يازاتتى. ئۇنىڭ يوقۇلۇپ كەتكەن بىر دەپتىرىدە تۇقايغا ئاتاپ يازغان ئۈچ پارچە شېئىرى بولغانلىقى مەلۇم. لۇتپۇللا خېلى ئۇستا رەسسام بولۇپ، بەزىدە توقاينىڭ ياپ - ياشلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقان كېسەل چىراي رەسىملىرىنى چوڭايتىپ سىزىپ تامغا چاپلاپ قوياتتى ۋە دوستلىرىغا: «بىر ئۈچۈم ئەبلەخلەر تۇقايىنى سىل قىلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ئېخ تۇقاي، بەك ياش ئۆلۈپ كېتىپسىنا!» دەپ كۆزىدىن تارام - تارام ياشلىرىنى تۆكەتتى. ئۇ ئۆز زاماندىشى ئەلقەم ئەختەمگە: «شائىر بولساڭ تۇقايدەك بول، ئوت يۈرەك بول، تۇقاينىڭ يۈرىكى شېئىر دەپ سوقىدۇ. خەلقىم دەپ ئازابلىنىدۇ. تۇقايدەك ئۆز خەلقىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان ئۇلۇغ شائىرنى ئۇستاز تۇتىشىمىز كېرەك. تۇقاينىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، ئەسەرلىرىدە ئەرەپ پارس سۆزلىرى يوقنىڭ ئورنىدا» دېگەن ئىدى. راستىنلا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ پىكىرى ئىنتايىن توغرا ئىدى. تۇقاي ئاساسىنى ئورناتقان تاتار يېڭىنقى زامان

ئەدەبىياتى كەڭ تاتار خەلقىگە، تاتار تىلى بىلەن يېقىن قېرىنداش ئىللاردىكى خەلق ئاممىسىغا بەكمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. شۇڭلاشقا لۇتپۇللا پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەر ئارىلاشقان شېئىرلارنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. 1941 - يىلى شىنجاڭ گېزىت خانىسىدىن، يازغۇچى-شائىرلاردىن مەرۇپ سەئىدى، خېلىل ساتتارى، ئايۇپ مەنسۇر-لار جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئىككىنچى تۈرمىدە يوشۇرۇن هالدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىستىبدات ھاكىمىيەتتىن ۋە ئۆزىنى ئۇستازى ۋە دوستلىرىدىن ئايرىغان جاسۇسلار دەردىدىن زارلىنىپ، ئۆز دوستلىرىغا تۇقاينىڭ:

ياقىن دوستىم! سىڭا مىنىنەن كىڭەش شۇل:
كىشلەرگە سىرىڭنى سۇيلەمەس بول.
ئىچىڭدە نەرسە يانغانىن ئۆزىڭ بىل،
ئۆزىڭ قايغىر، ئۆزىڭ يىغلا، ئۆزىڭ كۈل.

دېگەن مىسرالىرىنى ئۇقۇپ بەرگەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، 1937 - يىلدىن باشلاپ، تۇقاي شېئىرلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى قەلەمكەشلەر ئارىسىدا ئاكتىپ تارقاتقۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1937 - يىلدىن 1939 - يىلىغىچە «ئىلى گېزىتى»گە تۇقاي ھەققىدە نۇرغۇن ماقالا يازغان ئىدى.

شائىر ئەلقەم ئەختەم لۇتپۇللانى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1939 - 1941 - يىللىرى، لۇتپۇللا ئۇرۇمچى سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تۇقاي ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ تۇقاينىڭ جىق شېئىرلىرىنى ياتقا بىلەتتى. ئۇ تۇقاينىڭ:

جىر كۆگەرمەس، گۈل ئاچىلماس، تۆشمىي ياڭغىر تامچىسى،
قايدان ئالسىن شىغىرنى شاغىر بولماسا ئىلھامچىسى؟

دەپ باشلىنىدىغان «موخەببەت» دېگەن شېئىرىنى تاتارچە يادقا ئېيتاتتى. بەزىدە مېنىڭ ئىلھامچىم تۇقاي، دەپ چاقچاق ئارىلاش:

ۋاي، تۇقاي، تۇقاي،
شېئىرىڭنى ئوقاي.
ئىلھام ئالدىم سەندىن
ئەندى كىمدىن قوقاي؟
سەنچە شېئىر يېزىپ،
ياۋ كۆزىنى چوقاي!

دەپ قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.»

ھەقىقەتەندىمۇ، ل. مۇتەللىپنىڭ «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» دېگەن شېئىرى تۇقاي ئۇسلۇبى، تۇقاي روھى ئىلھامىدا يېزىلغان شېئىر دېيىشكە بولىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ نىلقا ناھىيىسىدىكى ۋاقتىدىن باشلاپ تاتار خەلق جىرلىرىدىن مىڭ كۇبلېتقا يېقىن قوشاقنى ياد ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۆپ جىرنى يادقا ئېلىشىغا شۇ يەردىكى خوشنىسى شاكىر ئابزىنىڭ قىزى رابىغە كۆپ ياردەم قىلىدۇ. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ مۇنداقمۇ كۆپ جىرنى قانداقمۇ يادلىۋالغانسەن، دېگەن سوئاللىرىغا: «تاتار جىرلىرى سىڭىشلىك بولىدۇ، شۇڭا كۆڭلۈمگە شۇنچىۋالا كۆپ جىرلار سىڭىپ كەتتى.» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ل. مۇتەللىپ رابىغە ھەدىيە قىلغان «جىر كىتابى» نى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇ جىرلارنى ئېيتىپ، تۇقاي شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلغان ئىدى. ئۇ ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا تاتارىستاندا چىقىدىغان تاتار تىلىدىكى گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ماقالىلارنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇراتتى.

ئۈرۈمچىدە بۇ مەزگىللەردە ئابلىز شىرىپ، ئابدىرىم ئۆتكۈر، شۈكۈر يالقۇن قاتارلىق شائىر - يازغۇچىلارمۇ تۇقاي ئەسەرلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، قىزىقىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن زور ئىلھاملار ئالغان ئىدى. 1947 - 1948 - يىللىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلدە، ئەخمەتجان قاسىمى تاتار مەكتىپىدە ئېچىلغان بىر مەجلىستە ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىغا ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئۇنىڭ دەۋر خاراكتېرى، ۋەزىپىلىرى ھەققىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەسلىھەتلەر بېرىپ، نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى 1935 - يىلدىن 1940 - يىلغا قەدەر قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان بولۇپ، تاتار تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پىششىق ئەتراپلىق بىلەتتى. ئۇ شۇ قېتىمقى سۆزىدە تۇقاينى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ: شائىر دەۋرنى كۈيلەش كېرەك، ئۇلۇغ تاتار شائىرى تۇقاي دەۋر روھىنى كۈيلىگەن شائىر، تۇقاي يۈرىكىدە ئوت چاقنايدىغان شائىر، ئۇ خەلقنى چىن دىلى بىلەن سۆيىدىغان جەڭچى، دېگەن مەزمۇندا سۆزلىگەن ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ئىلى گېزىتىدىمۇ ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئازادلىق ھارپىسىدا تۇقاي ئىلھامى بىلەن قولىغا قەلەم ئالغان يازغۇچى - شائىرلاردىن: تېيىپجان ئېلىيوپ، تۇرغۇن ئالماس، مۆمىن سەپىرى، ئابلىز ھوشۇر، ئېزىزوپ قاسىم، رەخمۇتۇللا جارى، تۇردى سامساق قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ئىجادىيىتىنى 1946 - يىلدىن باشلىغان. ئۇنىڭ شېئىرىيەت سەھنىسىدە مول مېۋىلىك ئەمگەك قىلغىنىغا 40

يىل بولدى، تېيىجان ئېلىيوپ هازىرغىچە تۇقاي شېئىرلىرىنى ئوقۇشنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شائىر ئابلىز نازىرى گېزىتلەردە تۇقاينىڭ كۆپ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغان ۋە ماقالىلار يازغان ئىدى. شائىرىمىز ۋە كۆپ تىللىق ئەدەبىي تەرجىمانىمىز رەخمۇتۇللا جارى تۇقايدىن چوڭقۇر تەسىر ئېلىپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى زىر - زەبەرلىرىگىچە، ھەتتا ئىچىدىكى رۇسچىلىرىغىچە ياد بىلىدىغان، تۇقاينىڭ ھەر بىر شېئىرىنىڭ يېزىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. رەخمۇتۇللا جارى تۇقاينىڭ 1936 - يىلى قازاندا تاتار شائىرى مۇسا جەلىلىنىڭ تۈزۈشى بىلەن نەشىر قىلىنغان لاتىن يېزىقىدىكى تولۇق توپلىمىنى هازىرغىچە ئالتۇندەك ساقلاپ كەلگەن.

ئا. تۇقاينىڭ ئەسەرلىرى دۆلىتىمىزدە شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ تارقالغان. 30 - يىللاردا شاڭخەيدە تاتار - خەنزۇ تىلىدا ئارىلاش چىقىدىغان گېزىتتىمۇ تۇقاينىڭ ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ تۇرغان. ياپونىيىدە ھەم تاتار تىلىدا تۇقاينىڭ توپلىمى چىققان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئا. تۇقايدىن يازغۇچى شائىرلىرىمىز داۋاملىق ئۆگىنىپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە خېلى كۆپ شائىرلارنىڭ جانلىق تەسىراتلىرى بار.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۆسۈپ چىققان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر يازغۇچى شائىرلىرى ئا. تۇقاي ئەسەرلىرىنى يەنىلا بۇرۇنقى پېشقەدەملىرىمىزگە ئوخشاشلا قىزىقىپ ئوقۇپ، ئۇنى ئىجادىيىتىگە ئىلھامچى، ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتۇپ كەلمەكتە.

يازغۇچىمىز ئابدۇللا تالىپ ئۆزىنىڭ «قايىنام ئۆركىشى» دېگەن رومانىدا ئابدۇللا تۇقاينىڭ «تۇغان تىل» دېگەن شېئىرىنى تاتار تىلىدا نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق تۇقاينىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

دېمەك، بۇ پاكىتلاردىن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى يوقاتماي داۋاملاشتۇرغۇچىلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرىمىز ئەلقەم ئەختەم يەنە «ئەلۋەتتە ئۆلگە بولمىسا، شائىرنىڭ شائىر بولۇپ چىقىشى قىيىن. شۇنداق ئىكەن، بىز ئەلۋەتتە ئۇلۇغ ئادەملەردىن ئۆگىنىمىز. شۇ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ بىرسى — ئابدۇللا تۇقاي. مەن قېرىغان چېغىمدىمۇ تۇقاي ئەسەرلىرىدىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم.» دەيدۇ.

1985 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق كلاسسىك ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسى تەرىپىدىن «ئا. تۇقاي تاللانما ئەسەرلىرى» نى تۈزۈش بويىچە چاقىرىلغان ھەيئەتلىك مۇلاھىزە يىغىنىدا تەتقىقاتچى، تىلشۇناس ئىبرايىم مۇتىي ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا تۇقاينىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تىلى، يېزىقى ھەققىدە ئىلمىي مەسلىھەت بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئازادلىقنىڭ

ئالدىدا تاتار تىل ئەدەبىياتى بويىچە دەرس ئۆتكەن تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ، توقاي ئەسەرلىرىنى تاتار تىلدا ئۇيغۇر يېزىقىدا قانداق نەشر قىلىش ھەققىدە تەكلىپلەر بەردى. ئىبرايىم مۇتىيى: «توقاي ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىش چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ توقاي ئەسەرلىرى ئازاتلىقتىن بۇرۇن توقاي شېئىرلىرى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە مەكتەپ شېئىرىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىلىپ ماڭغاندا ئېيتىدىغان مارشىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەنمۇ مۇئەللىم ۋاقتىمدا ئوقۇغۇچىلىرىمغا توقاي شېئىرلىرىنى يادلىتاتتىم، تەھلىل قىلدۇراتتىم. بىزنىڭ توقاي ئەسەرلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈشىمىز خۇشاللىنارلىق ئىش» دېگەن ئىدى.

ئابدۇللا توقاي ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئۆلكىمىزدە، بولۇپمۇ شىنجاڭدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭدا ھەر مىللەت زىيالىيلىرى توقاي ئەسەرلىرىنى ئەزەلدىن ئىنقىلابى كۈرەشنىڭ قورالى، ئىلىم مەرىپەتكە يېتەكلىگۈچى مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.

توقاينىڭ جەڭگىۋار ئىنقىلابى ئىدىيىلىرى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىتۋارلىقى نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنى، ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، شېئىرىيەت سەھنىسىدىن جەڭگە ئاتلاندۇرغان ئىدى. شۇڭلاشقا، بىز توقاينى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ سۆيۈملۈك شائىرى دەپ تونۇيمىز.

بىز تاتار خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى توقاينىڭ ھىلىمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت زىيالىيلىرى بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز!

# ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش

ئابدۇۋەلى ھامۇت

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم: ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ ۋە بۇ مەسىلىدە ماتېرىيالىزم بىلەن دىئالېكتىكىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەنە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئۆلچەمگە دىئالېكتىك يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتكە دىئالېكتىك يوسۇندا مۇئامىلە قىلىش مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى، بۇنى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە مەنتىقى ئىسپاتلاشنىمۇ چەتكە قاقماسلىق كېرەك. روشەنكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بىلەن مەنتىقى ئىسپاتلاشنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئۇنى دەلىللەشتىكى ئورنى ۋە رولىنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەسىلىسى ماھىيەتتە ئەمەلىيەت بىلەن مەنتىقى ئىسپاتلاشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسىدۇر.

مەنتىقى ئىسپاتلاش — ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش، ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئۇنى دەلىللەشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى. ھەقىقەتنى بىلىش ۋە دەلىللەشتە «ۋەھىلىك ھەقىقەت» ئاتالمىش ئەزەلى (ئاپرىئورى) پرىنسىپلار، ئەزەلى لوگىكا كاتېگورىيەلەر ۋە ئادەم مېڭىسىدە ئەزەلدىن بار بولغان تۇيغۇلارغا ئاساسلىنىدىغان ئىدېئالىستىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ، ئەزەلى نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تەكرار - تەكرار ئېلىپ بارغان ئەمەلىيەتلىرى نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان بىلىم، قائىدىلىرىگە، شۇنىڭدەك ۋاستىلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىدۇ. ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ بىلىش نەتىجىلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ۋاستىلىق تەجرىبە بولىدۇ. بۇنداق ۋاستىلىق تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە تەدبىقلاش كىشىلەرنىڭ يېڭى ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىشلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يېڭى ھەقىقەتنى دەلىللەشنىڭمۇ ۋاستىسى بولىدۇ. مەشھۇر ئالىم نيۇتون «باشقىلارغا قارىغاندا سەل يىراقنى كۆرەلىگەن بولسام، ئۇگىگانت كىشىلەرنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ تۇرغانلىقىمدىن بولغان»① دېگەن. مۇبادا نيۇتون ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن گالىلېي، كېپلېر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەجرىبە مۇۋاپىقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغان، بولۇپمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەن قائىدىلىرىنى ئۆز تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس ۋە مەنتىقى ئالدىنقى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى تېپىشىمۇ تەس بولغان بولاتتى. ھازىر تەبىئى پەنگە دائىر بىرمۇنچە قانۇنىيەتلەر، مەسىلەن: ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنى، ئېنېرگىيەنىڭ ئايلىنىش ۋە ساقلىنىش قانۇنى، خىمىيۋى ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرى قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ بىزنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلىشىمىزگە ۋە ئۇنى ئىسپاتلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلمايدىغىنى ھەم مەنتىقى ئاساس بولمايدىغىنى يوق. دېمەك، مەنتىقى ئىسپاتلاش بىلىۋېلىنغان توغرا ھۆكۈمنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، مەنتىقى ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق، يەنە بىر ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئىسپاتلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا لېنىن: «لوگىكا — ھەقىقەت توغرىسىدىكى مەسىلە»② دېگەن ئىدى.

مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستە دېگەندە، مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى كۆزدە تۇتىمىز:

بىرىنچى، ئەمەلىيەتتە چوقۇم مەنتىقىلىق تەپەككۇر يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان خاتا نەزەرىيەلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شاللاپ چىقىرىپ، ئىجتىمائى تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىجابىي ۋە ئاكتىپ رول ئوينايدىغان توغرا نەزەرىيەلەرنى تاللىۋېلىشتا زۆرۈر بولغان مۇھىم ھالقا. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى ئەمەلىيەتى ئۇلارنىڭ مۇئەييەن پىلان، لايىھە ۋە سىخېمىلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش جەريانىدۇر. مۇنداق پىلان، لايىھە ۋە سىخېمىلارنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن ۋە ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. ۋاھالەنكى، ئالدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىلان، لايىھە ۋە سىخېمىلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇۋەرمەيدۇ ۋە ئەمەلگە ئېشىۋەرمەيدۇ. بىرەر خاتا ئىدىيە ياكى لايىھە ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىنسا، جەزمەن يامان نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇنداق ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئېلىپ بارىدىغان

① «دېئالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن سوئال - جاۋابلار». ئۇيغۇرچە نەشرى 152 - بەتتىكى نەقىلدىن.

② «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 38 - توم 186 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىدىيە ۋە لايىھەنى مەنتىقى جەھەتتىن يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بۇ نەزەرىيە ۋە ئىدىيە ئىشەنچلىك بولىدۇ. ماركس، ئېنگېلسنىڭ: كوممۇنىزم مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويالىشى، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتى-دىكى زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلالىغانلىقى ھەمدە مەنتىقلىق دەلىللەشتىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئۇسۇلنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنالىغانلىقىدىن بولدى. كوممۇ-نىزم ھەرىكىتىنىڭ بۇ نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر بىر قەدىمى ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تەستىقلىدى. تەبىئىي پەن تەتقىقاتىدا تەتقىقات تېمىسىنى تاللاش، ھۇجۇم يۆنىلىشىنى بەلگىلەش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا مەنتىقلىق ئىسپاتلاشقا مۇھتاج. مەشھۇر ئالىم لېۋېرى ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشتىن ھاسىل قىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن مەنتىقلىق دەلىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىق نېپتۇندىن ئىبارەت بۇ سەييارىنىڭ بارلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنىنى ئايدىڭ-لاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن نېپتون توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىشەنچلىك نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. ئاخىرى، گاللېنىڭ ئەمەلى كۆزىتىشى ئارقىلىق بۇ سەييارە ھەقىقى تۇردە تېپىپ چىقىلدى. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئەمەلىيەتكە مەنتىقلىق تەپەككۇر يېتەكچىلىك قىلىدۇ. پەقەت مەنتىقلىق تەپەككۇرنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن-دىلا ئاندىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاكتىپلىقىغا ئىگە بولغىلى، ھەرىكەت قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەكسىنچە، ھەر قانداق ئىشتا ئەمەلىيەت تولۇق يوسۇندا تەستىقلىغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش كېرەك دېيىلسە، ئۇ ھالدا ھېچنەرسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەت بىلىشنىڭ ئۆلچىمى دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، بىۋاستە ھالدا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغان بەزى ئابستراكت قائىدىلەر (كومپلېكس فۇنكسىيە، مەۋھۇم سان، گولدباخ قىياسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش) نى مەنتىقى ئەقلى يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ، ھەممىمىزگە مەلۇم، گولدباخ قىياسى ماتېماتىكا تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. گولدباخ 1742-يىلى ئەيلېرگە يازغان خېتىدە: «تۆتتىن باشلاپ ھەر قانداق جۈپ ساننى ئىككى تۈپ ساننىڭ يىغىن-دىسى شەكلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. يەتتىدىن باشلاپ ھەر قانداق تاق ساننى ئۈچ تۈپ ساننىڭ يىغىندىسى شەكلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ» دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ قىياسنى كونكرېت سان بىلەن مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن:

$4=2+2,\ 6=3+3,\ 8=3+5,\ 10=5+5,$ ياكى $10=3+7,\ 12=5+7, \ldots\ldots$

شۇنىڭدەك

7=2+2+3, 9=3+3+3, 11=3+3+5, 13=3+5+5 ياكى 13=3+3+7,……

ناھايىتى ئېنىقكى، گولدباخ قىياسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ئەقىلغا مۇۋاپىق. بەزىلەر گولدباخ قىياسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ھەر بىر جۈپ سانىنى (تۆتتىن كىچىك بولمىغان) بىر بىرلەپ ھېسابلاپ كۆرۈشنى $30\times10^6$ (300 مىليون) گىچە بولغان سانلار ئۈستىدە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ھەممىسىلا توغرا چىقتى. لېكىن، بىر قىسىم سانلارنى بارلىق سانلارنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھېسابلاشنى ئىسپاتنىڭ ئورنىغا قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. گەپ بۇ قىياسنى لوگىكىلىق يول بىلەن جەزمى ئىسپاتلاشتا ئىدى. ئەمما XVIII ئەسىر ۋە پۈتۈن XIX ئەسىر ئىچىدە ئۇنى ھېچكىم ئىسپاتلىيالمىدى. لېكىن، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشمۇ ھەرگىز توختاپ قالمىدى. چەمبەر ئۇسۇلى، كۆرسەتكۈچلەر يىغىندىسىنى مۆلچەرلەش ئۇسۇلى ۋە شالالاش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىسپات ئۇسۇللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا، 1920 - يىلدىن كېيىن بىرانگى، لادماخار، ئاستىرمان، بوكشتاپ ۋە ئى. م. ۋىنوگرادوۋ قاتارلىق ماتېماتىكا ئالىملىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق گولدباخ قىياسىنى ئىسپاتلاشتا زور نەتىجىگە ئېرىشتى. مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ تەدرىجى تارىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە 1958 - يىلىدىن كېيىن مەملىكىتىمىز ماتېماتىكا ئالىملىرىدىن ۋاڭ يۈەن ۋە چېن جىڭرۈنلەرنىڭ بۇ ھەقتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى يۇقىرقىلاردىن ئېشىپمۇ ھالقىپ ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن گولدباخ قىياسىنىڭ بىر تەرىپى گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ ئاساسەن ئىسپاتلىنىپ بولدى. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە قوللىنىلغان ئۇسۇل لوگىكىلىق يىغما خۇلاسە شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنتىقىلىق ئىسپات ئۇسۇلى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ھالبۇكى، گولدباخ مەسىلىسى ئەمەلىيەت جەھەتتە تېخى ھەل بولغىنى يوق. مانا بۇنىڭدىن، پاكىتلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە سەۋەپ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تېپىش قاتارلىق مەنتىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەمەلىيەت جەريانىدا بىۋاستە سىنىغىلى بولمايدىغان، ئەمما تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئوبيېكت ھەققىدە يېڭى بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، پەقەت مەنتىقىلىق ۋاستىلارغا تايانغاندىلا ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى نەزەرىيىۋى سىستېمىغا كۆتەرگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئومۇملىقىقا ئىگە. لېكىن، ئەمەلىيەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئۇ كونكرېت ۋە ئالاھىدە بولىدۇ. ئالاھىدىلىك ئىچىدىن ئومۇملىقنى يىغىنچاقلاپ چىقىش، ھەر خىل ئالاھىدە تەجرىبە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ ئومۇملىقىقا ئىگە ئۇقۇملار كاتېگورىيىسى ۋە باشقا تەپەككۇر شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى بىر قەدەر مۇقىم بولغان نەزەرىيىۋى سىستېمىغا كۆتىرىش قاتارلىقلار پەقەت

مەنتىقى ئۇسۇللار ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەمەلىيەت تەمىنلىگەن ھەر خىل تەجرىبە مۇۋاپىقىيەتلەرنى پەقەت مەنتىقى ئۇسۇل ئارقىلىق نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرگىلى ۋە دەلىللىگىلى بولىدۇ. ئەگەر مەنتىقىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئۇ باشتىن ئاخىر ھېسسى تەجرىبە كاتېگورىيەسىدە توختاپ قالىدۇ-دە، نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ئىگە بولمايدۇ. ھەقىقەت شەكلىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئىلىم پەن تارىخىدا بەزى كىشىلەر يېڭى نەزەرىيە يارىتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۆمۈر بويى كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مول ماتېرىياللارنى توپلاپ، كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. مەشھۇر ئالىم كېپلېر ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دىكونىڭ 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ توپلىغان كۆزىتىش ماتېرىياللىرىدىن، تولۇق پايدىلىنىپ، مەنتىقى ئۇسۇل ئارقىلىق سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە دائىر ئۈچ چوڭ قانۇنىيەتنى تېپىپ چىققان. مۇبادا ئۇ دىكونىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە مەنتىقى ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنى يەكۈنلىمىگەن بولسا، ئۇنداق ئاجايىپ مۇۋاپىقىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئۇ ھېسسى تەجرىبە كاتېگورىيەدە توختاپ قالاتتى-دە، ھەقىقەت شەكلىگە ئىگە بولالمايتتى. چۈنكى، مەنتىقى نەرسىلەر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولغاچقا ئۇ، ئۇقۇم، كاتېگورىيە، ئومۇمەن لوگىكا شەكىللىرى ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى ئاجرىتىپ ئالىدۇ. شۇڭا مەنتىقلىق نەرسىلەرنى «تۈزىتىلگەن» تارىخىي نەرسە دەپ قاراشقا بولىدۇ. تارىخىي نەرسىلەر ھامان بەزى ئاساسى ئېقىم بولمىغان تاسادىپىي ۋە ئۇششاق چۈشەك نەرسىلەردىن خالى بولالمايدۇ. مەنتىقلىق دەلىللەش بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىنى چىقىرىپ تاشلاپ مۇقەررەر ۋە قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى خۇلاسىلاپ ئالىدۇ. «كاپىتال» تەتقىقاتى بۇنىڭ تىپىك ئۈلگىسى. «كاپىتال»دىكى بەزى كاتېگورىيەلەر كاپىتالىزمنىڭ ھەر قايسى ئەللەردە پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىشتىكى ئايرىم ۋە تاسادىپىي ئەھۋاللارنى يىر ياقتا قالدۇرۇپ، كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە ھالاك بولۇشىدىكى ئومۇمى قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بەردى. بۇ كاتېگورىيەلەر يەنە ئىقتىسادىي ئىدىيىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىنىمۇ شەكىللەندۈردى. ئېنگېلس: «لوگىكىلىق تەتقىقات ئۇسۇلى بىردىن-بىر ئىستىمال ئۇسۇلىدۇر لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل ئەمەلىيەتتە تارىخىي تەتقىقات ئۇسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىراق، ئۇ تارىخىي شەكىللەردىن ۋە قالايمىقان قىلىش رولىنى ئوينايدىغان تاسادىپىيلىكلەردىن خالى بولغان خالاس»① دەيدۇ. ھازىر تەبىئىي پەندە ناھايىتى

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 2-توم 122-بەت.



www.uyghurkitap.com

چوڭ نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بۇلارنى قانداق قىلىپ پەلسەپە — ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە كىرگۈزۈپ، نەزەرىيە جەھەتتە يىغىنچاقلاش كېرەك؟ سۇنئىي ئەقىل قۇرۇلۇشى، ئېرسىيەت قۇرۇلۇشى، ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان كاتېگورىيەلەر، يەنى قۇرۇلما، قاتلام، ئۇچۇر، رول، ئۇنۇم قاتارلىقلارمۇ پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى قويۇپ، بىزنىڭ پەلسەپە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە پايدىلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. ناھايىتى روشەنكى، زور مىقداردا توپلانغان تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش بىلەن ئېلىنغان ئومۇمى پىرىنسىپ قائىدىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىن، شۇنىڭدەك بۇ قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ يىغىنچاقلايدىغان مەنتىقىي ئۇسۇللاردىن ئايرىلالمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، تەبىئىي پەننىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پەلسەپە — ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن نەزەرىيە سېپىدە يېڭى تەرەققىياتلارنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى يەنىمۇ يۈكسەك نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، مەنتىقىي ئىسپاتلاش ھەقىقەتنى بىلىش ۋە دەلىللەشتە، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستە. شۇڭا، مەنتىقىلىق ئىسپاتلاشنى چەتكە قېقىپ، ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئۆلچەمنى مېخانىك ھالدا ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنتىقىلىق ئىسپاتلاشنىڭ رولىنى مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئۆلچەمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. مەنتىقىلىق ئىسپاتلاشنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىردەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىردەكلىك يەنىلا ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى بىردەكلىك بولۇپ، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى، مەنتىقىي ئىسپاتلاش بولسا ئۇنىڭ بىر ۋاستىسى، ھەممىدە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئۆلچەم ئۇچۇن مۇھىم بىر تولۇقلىمىدىن ئىبارەتتۇر. بىلىشنىڭ ھەقىقەتلىكىنى سىناش — سۇبيېكتىپ بىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى سىناش بولۇپ، بۇنىڭغا سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ «گىرەلەشكەن نۇقتىسى» بولغان ئەمەلىيەتلا جاۋاپ بېرىدۇ. مۇئەييەن بىر ئىدىيىنىڭ ھەقىقەت-ھەقىقەت ئەمەسلىكى دەل شۇ ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەت (نەزەرىيىۋى) بىلىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئومۇملىققا ئىگە بولۇشتەك ئارتۇقچىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىۋاستە رېئاللىققا ئىگە بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقمۇ بار.»① ئەلۋەتتە، تەپەككۇر، نەزەرىيەلەرمۇ رېئاللىققا

① «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 38 - توم 230 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىگە. نەزەرىيە رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ھەمدە ئۇ رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ، لېكىن ئۇ بىۋاستە رېئاللىققا ئىگە ئەمەس. پەقەت ئەمەلىيەتلا بىۋاستە رېئاللىققا ئىگە. شۇڭا نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە ئايلانغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ رېئاللىقىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا ئىپادىلىيەلەيدۇ ۋە ئىسپاتلىيالايدۇ. مانا بۇلار ۋاستىلىق تەجرىبىلەر بىلەن بىۋاستە ئەمەلىيەتنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە مەنتىقى ئىسپاتلاشنى ھەقىقەتنى بىلىش ۋە دەلىللەشتە ئىنتايىن زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە زور چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەنتىقى ئىسپاتلاشنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇكى: بىرىنچى، مەنتىقى تەپەككۇرنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتى مىليون قېتىملاپ تەكرارلىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭىدا مەنتىقى شەكىل بىلەن مۇقىملىشىدۇ، بۇ شەكىللەر دەل (بەلكى پەقەت) مىليون قېتىملاپ تەكرارلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئاندىن شەكىللەنگەن قاراش مۇستەھكەملىككە ۋە ھەقىقەتلىككە ئىگە بولالىغان.»① روشەنكى، ئادەملەر پەقەت ئەمەلىيەت داۋامىدىلا ئوبيېكتىپ دۇنيادىن مەنتىقى ئۆگىنىدۇ، مەنتىقىنىڭ كۈچىنى پەقەت ئەمەلىيەتلا ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭدا مەنتىقى ئىسپاتلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن توغرا بىلىشنىلا ئەمەس بەلكى يەنە مەنتىقى ئىسپاتلاش جەريانىدا ئەمەل قىلىنىدىغان ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن قائىدىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، مەنتىقى تەپەككۇرنىڭ ئاساسى يەنىلا ئەمەلىيەت. مەنتىقى تەپەككۇر ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسى — ئىككىلەمچى نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قانچە توغرا ۋە قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىدىيە ۋە نەزەرىيەنى ئوبيېكتىپ شەيئى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بىۋاستە كۆۋرۈك بولالمايدۇ.

ئىككىنچى، مەنتىقى ئىسپاتلاشتا قوللىنىلغان ئالدىنقى شەرت، ئۇقۇم، قائىدە ۋە مەنتىقى پرىنسىپلارنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ بېيىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق ۋاستىلىق تەجرىبىلەر ئۆز ۋاقتىدا، شۇ جايدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمەلىيەت جەريانىدا يەكۈنلەنگەن، ئۇ، تامامەن ھەقىقەت بولغان تەقدىردىمۇ، بۈگۈنكى رېئاللىققا مۇۋاپىق كېلەمدۇ-يوق؟ بۇنى يەنىلا ھازىر ۋە ئۆز رايونى ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلىنغاندىلا كېرەكلىك نەرسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرغىلى ۋە بېيىتقىلى بولىدۇ. ھەر قانداق ھەقىقەت مۇئەييەن ماكان، زامان ۋە شەرت-شارائىتتىكى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ جەرياننىڭ توغرا ئىنكاسى بولۇپ،

① «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 38-توم 233-بەت.

ئۇ كونكرېت ۋە نىسبىي بولىدۇ. ئادەمنىڭ بىلىشى ئوبيېكتىپ جەريانىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ يېڭى ئوبيېكتىپ جەريانغا بولغان بىلىشىنىڭ ھەقىقەتلىككە ئىگە بولۇشى بۇرۇن بىلىپ ئېلىنغان ھەقىقەتنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەۋجۇت ھەقىقەتنى مۇتلەقلەشتۇرۇپ، سىرلىق ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، يېڭى ھەقىقەتكە ئېرىشىشنىڭمۇ يولى توسىلىپ، تەرەققىي قىلىش ۋە ئىلگىرىلەش شەكىللەنمەيدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان تەرەققىيات تارىخى بولۇپ، بۇ تارىخ بىر تەرەپتىن ماركسىزم تەلىماتىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەستىقلاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ماركسىزم تەلىماتىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تارىخى بولدى. لېنىن ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە: «سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ بىر مەملىكەتتە ئالدىن غەلىبە قىلىشى مۇمكىنلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. يولداش ماۋزېدوڭ بولسا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن «جۇڭگو ئىنقىلابى يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىش يولىدا مېڭىش» دېگەن ئىبارەت يېڭى يولنى تاپتى. بۇلار پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە مەنتىقىي ئاساسى بولغان ماركسىزم تەلىماتىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

تەبىئىي پەن ساھەسىدە گوللاندىيەلىك فىزىكا ئالىمى لورىنتىز دۇچ كەلگەن مەسىلە بۇنى سەلبىي جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئېلېكترون نەزەرىيەسىنى يارىتىپ، زامان بىلەن ماكاننىڭ لورىنتىز كوردىناتىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش فورمۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېينىشتېيننىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيەسى ئۈچۈن بەزى ئاساسلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كونا فورمۇلاغا يەنى نيۇتوننىڭ «زامان، ماكان ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمەيدۇ» دېگىنىگە (بۇ نيۇتون مېخانىكىسى ئۈچۈن توغرا ئىدى) ئۆلۈك ھالدا يېپىشۇۋېلىپ، كلاسسىك مېخانىكىدا رامكىسىدىن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇ ناھايىتى پەرىشانلىق ھېس قىلىپ «مەن ئۆزەمنىڭ مۇشۇ زىددىيەتلەر كۆرۈلۈشتىن بەش يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتمىگىنىمگە بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن» دېگەن. ئېينىشتېين بۇتوساقنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇ «زامان، ماكان ئالاھىدىلىكى ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دەپ قاراپ، يېڭى پاكىت ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇم ھاسىل قىلىپ، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى فورمۇلا ئارقىلىق ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، نىسبىيلىك نەزەرىيەسىنى يارىتىش بىلەن ماكان، زامان توغرىسىدىكى نەزەرىيىدە زور سەكرەش پەيدا قىلدى. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇقۇم قائىدىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۇنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تارىخى. شۇڭا مەنتىقىي ئالدىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەرتنى ۋە مەنتىقىي پرىنسىپلارنى مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇچىنچى، مەنتىقىي ئىسپاتلاش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنىلا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق كونكرېت شەيئى ئۈستىدىكى بىلىشنىڭ ھەقىقەتلىكىنىڭ ئېنىقلىنىش جەريانى ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇنى مەنتىقىلىق ئىسپاتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ، شۇ ئىدىيىنى ئەمەلىيەتكە ئېلىپ بېرىشقا بولامدۇ بولمامدۇ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر مەسىلە — مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش توغرا بولدىمۇ - يوق دېگەن مەسىلە تۇغۇلىدۇ، بۇنى پەقەت بىۋاستە ئەمەلىيەتلا ھەل قىلىدۇ. شۇڭا، مۇئەييەن بىر ئىدىيە مەنتىقىي ئىسپاتلاشتىن ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن شۇ ئىدىيە ئۈستىدە ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىلغان بولمايدۇ، تارىختا ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توغرا دەپ قارالغان بەزى نەزەرىيىلەر سانائەت ۋە پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى؛ ئەكسىنچە، ناھايىتى ئۇزۇن يىللار خاتا دەپ قارالغان بەزى نەزەرىيىلەر كېيىنكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. 1500 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن يەر مەركەز قارىشى ۋە 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن ئىسسىقلىق ئېلېمېنت «ئېغىر ئۇقۇمى» قارىشى ئىنكار قىلىندى. ئەكسىنچە 35 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كۈچ سەرپ قىلىنىپ، كۈچلۈك ئارىفمېتىكىلىق ۋە لوگىكىلىق ئاساسلار بىلەن دەلىللەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان كوپېرنىكنىڭ قۇياش سىستېمىسى كۆز قارىشى گەرچە توغرىلىق جەھەتتە «99%، 99.9%، 99.99% ئىشەنچلىك بولسىمۇ»①، لېكىن 300 يىلغىچە ھەقىقەت شەكلىگە ئىگە بولالمىدى. پەن - تېخنىكا، بولۇپمۇ ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى، تېلېسكوپ قاتارلىق كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش ۋە مۇكەممەل تەجرىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلاندى. دېمەك، مەنتىقىلىق ئىسپاتلاش ھەقىقەتنى بىلىش ۋە دەلىللەشتە شۇنچە مۇھىم، شۇنچە زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشقا قادىر ئەمەس. ئۇ يەنىلا ئەمەلىيەتكە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭا ماركس ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچەملىك رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ «ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلىككە ئىگىمۇ - يوق دېگەن مەسىلە نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت مەسىلىسى. ئادەم ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى يەنى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ رېئاللىقىنى ۋە كۈچىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆز تەپەككۇرىنىڭ بۇ دۇنيالىقىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپات-

① ئېنگېلس: «لىمۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 30 - بەت.

لاش لازىم»① دېگەن ئىدى.

ئەمەلىيەت ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئۇ ھەقىقەتنى بىلىش ۋە دەلىللەشتە مەنتىقىي ئىسپاتلاشقا نىسبەتەن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەرگىزمۇ مەنتىقىي ئىسپاتلاشنى چەتكە قاقمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، بىزنىڭ بارلىق تەتقىقاتىمىز ھامان ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىۋاستە تەجرىبىلەردىن ھەمدە ئالدىنقىلار ۋە باشقىلار يەتكۈزۈپ بەرگەن ۋاستىلىق تەجرىبىلەردىن ئورتاق پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتنىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىش تارىخى، ئەمەلىيەت بىلەن مەنتىقىي ئىسپاتلاشنىڭ ئۆزئارا بىر بىرىنى شەرت قىلىش، تەقەززا قىلىش بىر بىرىنى تولۇقلاش ۋە ئۆزئارا بىر بىرىنى ئالغا سۈرۈش جەريانىنى ئەكىس ئەتتۈرىدۇ.

شۇڭا ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچەم ئىكەنلىكى بىلەن مەنتىقىي ئىسپاتلاشنىڭ دىئا-لېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ، ئەمەلىيەتنى ئىبارەت بۇ ئۆلچەمگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئىدېئالىزمغا ۋە مەنتىقىي ئىسپاتلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرۇشتا، شۇنىڭدەك ئەمەلىي خىزمەت ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تار تەجرىبىچىلىك بىلەن دوگماتىزىملىق خاھىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» پەلسەپە قىسمى 39 . بەت.

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدا

داۋۇت ساۋۇت

ماركس ئۆزىنىڭ 1857 - يىلى يازغان «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر غا مۇقەددىمە» سىدە سىياسىي ئىقتىسادنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئۈستىدە توختىلىپ: «جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخسلەر — جۈملىدىن بۇ شەخسلەرنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ئىشلەپچىقىرىشى تەبىئىي چىقىش نوقتا قىلىنىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، ماركسنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا ئاساسلان-غاندا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ ماددى ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت تۆت ھالقىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ستالىن 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ماركسنىڭ سىياسىي ئىقتىسادنىڭ ئوبيېكتى توغرىسىدىكى بۇ كۆز قارىشىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىياسىي ئىقتىسادنىڭ ئوبيېكتى كىشىلەر-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن يەنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچى-لىك شەكلى؛ (2) بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، ياكى ماركس ئېيتقاندەك «ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش»②.(3) مەھسۇلات تەقسىماتىنىڭ شۇلارغا تامامەن باغلىق بولغان شەكىللىرى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە سىياسىي ئىقتىسادنىڭ ئوبيېكتىنى تەشكىل قىلىدۇ.»③ لېكىن بۇ مەسىلىگە قارىتا نەزەرىيە ساھاسىدە قاراش ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى يولداشلار شەخسى ئىستېمال ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، شۇڭا سىياسىي -

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما «سىياسىي ئىقتىساد قىسمى» ئۇيغۇرچە نەشرى» 1 - بەت.

② «ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 6 - توم، 486 - بەت.

③ ستالىن: «سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 114 - بەت.

ئىقتىسادنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنى تىلغا ئالمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ـ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولغاچقا، بىز ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا ھەرگىز ئۇنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تۈزەتمەستىن بەلكى ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەر جەريانىدىن يەنى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال قاتارلىق ھالقىلاردىن كۆزىتىشىمىز لازىم. ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال قوشۇلۇپ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى پۈتۈن ھالقىدا بارلىققا كەلگەن. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا قوشۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسىنى ھاسىل قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: پۈتۈن ھالقا «بىر ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرى»نى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ پەقەت «بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پەرقلەرنى تەشكىل قىلىدۇ» ① ئۇنداق بولسا ماركسنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە بەرگەن يۇقىرىقى تەبىرى بىلەن يولداش ستالىننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەبىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىچكى باغلىنىش بار؟ مېنىڭچە ئۇ ئىككىسى تامامەن بىر مەسىلە، ياكى بىر مەسىلىنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىنلا ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش: ئىشلەپچىقىرىش ـ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاستىدا ئۆز ئارا بىرلىشىپ ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەقسىمات: ئۇ كىشىلەرنىڭ مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىش داۋامىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن مەھسۇلاتقا ئىگىدارچىلىق شەكلىنى ۋە تەقسىمات شەكلىنى، كىشىلەرنىڭ مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىنىشى داۋامىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» «سىياسىي ئىقتىساد قىسمى» ئۇيغۇرچە نەشرى 35 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئالماشتۇرۇش: بۇ كىشىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇش داۋامىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن مەھسۇلاتنى ئالماشتۇرۇش شەكلىنى، كىشىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇش داۋامىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىستېمال: كىشىلەرنىڭ ئىستېمال داۋامىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن ئىستېمالنىڭ خاراكتېرىنى ۋە سەۋىيەسىنى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال داۋامىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال داۋامىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ. ھەممە ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمى جەريانىدىكى پۈتۈن ھالقا پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال دۇچ كېلىدىغىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى قانداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىدۇر. ئالماشتۇرۇش داۋامىدىمۇ ئوخشاشلا ئالماشتۇرۇلغان مەھسۇلاتنىڭ كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قانداق شەكىلدە ئالماشتۇرۇش لازىملىقىنى ھەل قىلىش كېرەك. تەقسىمات ۋە ئىستېمال مۇناسىۋىتىگە كەلسەك ئۇ تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كاپىتالىستلار ئىگىلىۋالغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا كاپىتالىستلار باشقۇرغۇچى ھۆكۈمران ئورۇندا، ئىشچىلار بولسا باشقۇرۇلغۇچى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەقسىمات داۋامىدا كاپىتالىستلار ئىشچىلار ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنىڭ ھەممىسىنى ھەقسىز ئىگىلىۋالىدۇ. ئىشچىلار بولسا پەقەت ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتىگىلا تەڭ بولغان ئىش ھەققىگە ئېرىشىدۇ. ئالماشتۇرۇش داۋامىدا، كاپىتالىستلار ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر قىسمىنى جۇغلانمىغا ئىشلەتسە، يەنە بىر قىسمىنى ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان تۈرلۈك ئىستېمال بويۇملىرىنى تولۇق ئالماشتۇرۇۋالالايدۇ. ئىشچىلار بولسا ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئازغىنە ئىش ھەققىگە پەقەت ئۆزىگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان تۇرمۇش بويۇملىرىنىلا ئالماشتۇرۇۋالالايدۇ. ئىستېمال جەريانىدا كاپىتالىستلار كاپىتال جۇغلاشنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك كەيپى ساپا تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئىشچىلارنىڭ ئىستېمالى بولسا ئىنتايىن تار دائىرىدىلا

چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دەۋرى خاراكتېرلىك ئىقتىسادى كىرىزىس ۋاقتىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا بولسا، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى مۇناسىۋىتى تەڭ - باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا تەقسىمات داۋامىدا ھەر بىر ئەمگەكچى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان ئەمگىكىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە قاراپ دارامەتكە ئېرىشىدۇ. ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل دارامەتنىڭ مىقدارىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئالماشتۇرۇش داۋامىدا ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى ئېرىشكەن دارامەتكە تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىستېمال بويۇملىرىنى تولۇق ئالماشتۇرۇۋالالايدۇ. ئىستېمال داۋامىدا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ.

شۇڭا ماركسنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە بەرگەن تەبىرى بىلەن يولداش ستالىننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەبىرى ماھىيەتتە بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىستېمال ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى، يەنە بىرى شەخسى ئىستېمال. ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى - ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەمما شەخسى ئىستېمالنىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا دەخلى قىلالمايدۇ.

بىز بۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال بىلەن بولغان ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

(1) ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىماتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى: تەقسىمات ئىككى خىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى مەھسۇلاتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى، يەنە بىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا تەقسىم قىلىنىشى. بۇ ئىككى خىل تەقسىماتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، مەھسۇلاتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا، ئىشلەپچىقىرىش تەقسىماتنى بەلگىلەيدۇ. يەنى: ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات بولمىسا، تەقسىماتمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا تەقسىم قىلىنىشىدا، تەقسىمات ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش

ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا تەقسىم قىلىنىپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل تەقسىمات بولمايدىكەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. دېمەك، تەقسىمات پاسسىپ نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(2) ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى:

ئالماشتۇرۇشمۇ ئىككى خىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش، يەنە بىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەت ۋە ئىقتىدارىنى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش. بۇ ئىككى خىل ئالماشتۇرۇشنىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بىرىنچى: ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ئەمگەكچىلەر تۈرلۈك پائالىيەت ۋە ئىقتىدارىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش بىۋاستە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مەيلى ئەمگەكچىلەرنىڭ پائالىيەت ۋە ئىقتىدارىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بولسۇن ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ھەمدە ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەيدۇ. ئىككىنچى: مەھسۇلاتنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش: بۇ خىل ئالماشتۇرۇش مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ئىستېمال قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئالماشتۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى — ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى قانچىكى تەرەققىي قىلسا، ئالماشتۇرۇشمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەھسۇلات - ئالماشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(3) ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى:

ئىستېمال - ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى ۋە شەخسىي ئىستېمالدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالى - ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە جانلىق ئەمگەكنىڭ سەرپ قىلىنىشى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدۇ. شەخسىي ئىستېمال بىز ئادەتتە ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئىستېمال يەنى شەخسىي ئىستېمال بولۇپ، ئۇ شەخسلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىستېمال ئەمگەك كۈچىنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى تەكرار ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدا ھەم ئوخشاشلىق ھەم زىددىيەت مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئوخشاشلىقى بىرىنچىدىن: ئىشلەپچىقىرىش بىۋاستە ئىستېمال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىستېمالمۇ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن: ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال - ئۆز ئارا بىر بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە بىر بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. يەنى: ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىستېمالمۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلالمايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال ئۈچۈن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۈچۈنچىدىن: ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزىنىڭ قارىمۇ - قارشى تەرىپىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال ئۈچۈن ئوبيېكتى بولىدىغان ماتېرىيالنى يەتكۈزۈپ بەرسە، ئىستېمالمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن يېڭى - يېڭى ئېھتىياجنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىنى كونكرېت جەمئىيەت تۈزۈمىگە باغلاپ تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقىدەك ئوخشاشلىق بولغاندىن سىرت يەنە تۆۋەندىكىدەك زىددىيەتنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا كاپىتالىستلار تېخىمۇ كۆپ قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى چەكسىز كېڭەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمالىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى چەككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال ئېغىر دەرىجىدە بىر بىرى بىلەن قارىمۇ - قارشى ھالەتكە چۈشىدۇ - دە ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلايدۇ.

كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دەل كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەخسىي ئىستېمال ساھەسىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سىياسىي ئىقتىسادنىڭ سوتسىيالىزم قىسمىمۇ ئوخشاشلا ماركسنىڭ شەخسىي ئىستېمال نەزەرىيىسىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شەخسىي ئىستېمال ئەزەلدىن بۇنداق مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن ئەمەس، شۇڭا شەخسىي ئىستېمال سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا يېڭى ئېھتىياجلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

# بەدىئىي زوق ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئازات سۇلتان

ئېلىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە يېڭىلىنىش، بۆسۈش مەنزىرىسى شەكىللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بەدىئىي زوقنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىلمىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلە ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. شۇ سەۋەپتىن مەن بۇ ماقالەمنى مۇشۇ تېمىغا بېغىشلاپ بەدىئىي زوقنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيا ـ تىنىڭ باغلىنىشى ۋە بۇ باغلىنىشنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

## I ئادەت ۋە ئۆزگىرىش

ئادەت ۋارىسلىق قىلىشنى بەلگىلىسە، ئۆزگىرىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يۈك ـ سەلدۈرىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىگە خاس سەنئەت مۇھىتى ئىچىدە ياشايدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئۆزىگە خاس زوقلىنىش ئادەتلىرى پەيدا بولىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، مىللىي خۇسۇسىيەتكە باي سەنئىتىنى ياقتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ، «پەرھات ـ شىرىن»، «تاھىر ـ زۆھرە» دەك تەسىرلىك داستانلىرىدىن لەززەتلىنىدۇ. «چىنىقىش» تەك روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، تىلى يەڭگىل ھىكايىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. «غېرىپ ـ سەنەم» دەك ناخشىسىمۇ، موزىكىسىمۇ ۋە دىئالوگلىرىمۇ بار بولغان مىللىچە ئوپېرالىرىغا قىزىقىدۇ. شوخ، ئەپچىل ئۇسۇللىرىدىن سۆيۈنىدۇ. ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە مۇقاملىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، مانا بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئالاھىدە سەنئەت مۇھىتىدە شەكىللەنگەن، يېڭىلانغان ۋە تاكامۇللىشىپ بارغان ئادەتلىرىدىن ئىبارەت.

ئىنسانلارنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرى ساندىن سۈپەتكە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەرىكەت بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ، ھايات بولمايدۇ، دۇنيامۇ بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىمۇ ئەلۋەتتە بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۇنداقتا بەدىئىي زوقنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر قايسى؟

1. دەۋر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بەدىئىي زوقنىڭ يېڭىلىنىشى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يۈكسىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. بۇنىڭغا جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىن ناھايىتى نۇرغۇن مىساللار تېپىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن يېڭىدىن تۆرەلگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپى فېئودالىزمنىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ «ئەركىنلىك» تۇغىنى ئېگىز كۆتەردى ۋە ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلدى. ئەشۇ دەۋردىكى بىر تۈركۈم كومۇنىزىم ئىدىيىسىگە ئىگە يازغۇچى-سەنئەتكارلار شۇ دەۋر خەلقىنىڭ بەدىئىي زوق-ھەۋەسلىرى، ئېستېتىك تەلەپلىرىگە ماسلاشقاچقا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرەلىدى. 14 مىسرالىق شېئىر شەكلىنىڭ پەيدا بولۇشى، يېڭىنقى زامان پروزىسىنىڭ باش كۆتىرىشى، تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيەنىڭ ئارىلىقىدا تىرا-كومېدىيەدىن ئىبارەت يېڭى دىراما شەكلىنىڭ بەرپا بولۇشى قاتارلىق ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىخ سۈرۈپ چىقىشى ئەشۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ مەھسۇلاتى.

ئېلىمىزدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتكۈل جەمئىيەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور بۆرۈلۈش بولدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئەگرى-توقاي يولىنى بېسىپ ئۆتكەن خەلقىمىز ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ چىقتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا، شەيئىلەرگە قارىتا چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىدى. بولۇپمۇ ئۇلار خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ئادەملىك قىممىتىنى تونۇپ كىشىلىك غورۇرىنى ئىززەتلەيدىغان بولۇپ قالدى. جەمئىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش، غايە ۋە ئېتىقاد قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش — بۇ زامانداشلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. بۇ باسقۇچتا پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تېز يۈكسىلىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئىسلاھاتنىڭ رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويۇلۇشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىر چوڭ بۆرۈلۈش ياساپ، كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىغا، تەپەككۇر ئۇسۇلىغا، ئېستېتىك كۆز قاراشلىرىغا جۈملىدىن بەدىئىي زوقىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە ئەدەبىياتىمىزدىكى قېلىپلىشىپ قالغان يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان، سىياسىي ۋەقە-ھادىسىلەرنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش،

چەريانىنى خاتىرلەپ قويىدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەسەرلەرنىڭ ئۆزگەرمەس كومپوزىتسىيىسى، پېرسوناژلارنىڭ بىرخىللىقى ئوبرازلىرى كىشىلەرنى زېرىكتۈرىدىغان ھەتتا يىرگەندۈرىدىغان بولۇپ قالدى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىدىن مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكلىرى ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىنى تونۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان كىنو ئىجادىيىتىدىكى كىنو تىلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر، گۈزەل سەنئەتتىكى يېڭى ئېقىملار، مۇزىكا ساھەسىدىكى يېڭىلىق يارىتىش كەيپىياتى، ناخشا سەنئىتىدىكى خىلمۇ خىل ئورۇنلاش ئۇسلۇبلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولۇپمۇ پىروزىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بېيىغانلىقىنى بولۇپمۇ XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى ئىجادىيەتنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ يېڭى ئۇسۇل، ئەڭ مۇۋاپىق يېڭى شەكىللەر ئارقىلىق خەلقنىڭ يۇقىرىقىدەك بەدىئىي زوققا بولغان تەلىپىنى قاندۇرغانلىقىنى ۋە مۇشۇ مەقسەتتە ئىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچى ۋاڭمىڭ يېقىنقى يىللاردا «باھار تىۋىشى»، «تۈننىڭ كۆزى»، «كېپىنەك»، «دېڭىزنىڭ چۈشى» قاتارلىق مەشھۇر ھېكايىلارنى يازدى. ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدىلا توختالساق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش نۇقتىسى ۋەقەلىك ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى پېرسوناژ پىسخىكىسىدا يەنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى تۇرمۇش لوگىكىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋاقىت ۋە ئورۇن چەكلىمىسىنى بۆسۈپ تاشلىغان. ۋاڭمىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى «ئاڭ ئېقىمى» نىڭ بەزىبىر ئوبدان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ يېڭىلىق ياراتقانلىقى ئۈچۈن، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي پائالىيەت، مەنىۋى قىياپەتلىرىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى جايىدا يورۇتۇپ بېرەلىگەن. بۇ ۋاڭ مىڭنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي زوقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلىكى ۋە خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرى بويىچە ئىزدەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

خەلقنىڭ بەدىئىي زوق - ھەۋەسلىرى دەۋرنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقى، ھەقىقىي يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى خەلقنىڭ بەدىئىي زوق - ھەۋەسلىرىگە ماسلاشتۇرىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. بۇ ھەقىقەتنى مەشھۇر ئەدىبلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزىرىيىچىلىرى ئاللىبۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ئىدى. چېرنىشېۋسكى بىر دەۋر گۈزەللىكىنىڭ پۈتۈنلەي ۋە مۇقەررەر ھالدا شۇ دەۋر بىلەن بىللە - مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى،

ئۇنىڭ ھەرگىز ئۆز دەۋرىنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىدىن چەتنەپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئېلىمىزنىڭ ۋاڭلىق قەدىمكى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى لىيۇشيې ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ زامانغا بېقىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان ئىدى.

2. مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلىرىمۇ خەلقنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر بىز تارىخ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۆز ئارا تەسىرلىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ بەدىئىي زوقىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئالتە سۇلالە دەۋرىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ رەسساملىرى ھىندى گۈزەل سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. شۇڭا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى رەسسام سەنئىتىگە كۆپ يېڭىلىقلار كىردى. بۇ ھادىسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى زوقلانغۇچىلارنىڭ ھىندىستاندىن كىرگەن بۇددا بىناكارلىق سەنئىتىگە ۋە تام رەسسام سەنئىتىگە ھەۋەس قىلغانلىقى ۋە چوقۇنغانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى جۇڭگو خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرى ئەزەلدىن سىرتنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاققان ئەمەس. بولۇپمۇ «4- ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن چەتئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلىرى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلدى. جۇڭگولۇقلار مۇشۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق شېكسپىر، ئىبسېن، بايرون، پۇشكىن، گوگول، بالزاك، گوركى قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن تونۇشتى. جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئەنە شۇلارنىڭ تەسىرىدە مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە پۈتۈنلەي يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. مەسىلەن: لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ئەنئەنىۋى باب - پاراگرافلىق شەكىل بىلەن يېزىلغان ئەمەس. ئاپتور ئىنچىكە، تەپسىلىي پسىخىك تەسۋىر ئارقىلىق فېئوداللىزملىق ئەخلاقىي مىزانلارغا قارشى تۇرىدىغان «سەۋدايى» نىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ شەكىل ۋە مەزمۇن تەرەپتىن جۇڭگو پروزىسىدىكى بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گومورونىڭ «ئىلاھىيە» شېئىرى، ساۋيۈنىڭ «گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر» درامىسىمۇ جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. مۇبادا «4- ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن جۇڭگو خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولمىغان بولسا، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرى ئەدەبىيات تارىخىدا يېپ - يېڭى سەھىپە ئاچالمىغان بولاتتى.

گېيوتې ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇشۇنداق قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلەپ: «ئەدەبىيات پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىدۇر. ئەدەبىيات بىر دۆلەت بىر مىللەتكىلا مەنسۇپ بولىدىغان زامان ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى ......» دەپ

كۆرسەتكەن ئىدى، بۇ ھۆكۈم ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىنىڭ سىرتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن قارمۇ - قارشى مەسىلىگە قارىتىلغان، ئەلۋەتتە.

3. ئىنسان پىسخىكىسىدىكى يېڭىلىققا ئىنتىلىش خاھىشى، بەدىئىي زوقنىڭ ئۆزگىرىشى، ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئامىل.

يېڭىلىققا ئىنتىلىش - ئىنسانلارنىڭ مۇھىم پىسخىكىلىق خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، كىشىلەر ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق كونا نەرسىلەرنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشىنى خالىمايدۇ. زوقلانغۇچىلار چايناپ بولغان نەرسىنىڭ تەمى قالمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئىزنى پېتىقداپ تۇرۇۋەرگەن ئەدەبىياتنىڭ شورى قۇرۇيدۇ. ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى ئەگەر ئالدىنقى دەۋرلەرنىڭكىگە قارىغاندا يېڭىلىققا، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولمىسا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇقىم ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ. دورامچىلىق، تەقلىتچىلىك بىلەن يېزىلغان ئەسەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، قىممىتى يۇقىرى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىلىمىزدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى: ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ھەر قانداق بىر يېڭى قەدەم ھەرگىز بىر مۇستەقىل ھادىسە ئەمەس، ھەرگىزمۇ يازغۇچىدىن ئىبارەت بىر شەخسنىڭ ئۇشتۇمتۇت ياراتقان مۆجىزىسى ئەمەس. بەلكى يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ كەڭ زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلبىدە شاۋقۇن سېلىۋاتقان ياكى ئەمدىلا ئۇندۇرمە بولغان بەدىئىي زوقنى ھېس قىلىپ، ئۇنى توغرا ئىگىللىۋېلىشى ۋە ئىلگىرلىگەنلىكىنىڭ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇن ماسلىشالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا بەدىئىي زوقنى ئەدەبىيات - سەنئەتنى سىلجىتىدىغان قۇدرەتلىك پىشاڭ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

زوقلىنىش ئادەتلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. بەدىئىي زوقنىڭ ئۆزگىرىشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يۈك - سىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەدىئىي زوقنىڭ ئادەت ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆز - ئارا قارىمۇ - قارشىلىق ھەم بىرلىك مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىسلاھات قىلىشنىڭ قارىمۇ - قارشىلىق، بىرلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساس بولىدۇ. ئەگەر بىز زوقلانغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، يېڭىلىق يارىتىشنى قارىغۇلارچە تەكىتلىۋەرسەك ئۇنىڭدا كىتابخانلارنىڭ زوق - ھەۋەسلىرىدىن چەتنەپ كېتىمىز. ئەگەر ۋارىسلىق قىلىشنى بىر تەرەپلىمە چۈشۈ - نۈپ زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئۇچاغدا كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايمىز. روشەنكى ھەر ئىككى خىل قۇتۇپچىلىق ئېغىش خاھىشى بىزنى كىتابخانلاردىن (زوقلانغۇچىلاردىن) مەھرۇم قىلىدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئەزەلىي تارىخىي كەچۈرمىشلەر، ئىقلىم، يەر شارائىتى، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلىردە ئورتاق بولغان تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئاساسەن ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان پىسخىك خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. مىللەت پىسخىكىدىكى بۇ خىل ئورتاقلىق شۇ مىللەت خەلقلىرىنى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ئېستېتىك كۆز قاراشلارغا جۈملىدىن بەدىئىي زوققا ئىگە قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىدىكى كونكرېت مەزمۇنلارنى ئاز - تولا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىدىكى ئومۇمىلىققا قارىتىلغان. لېكىن دىئالېكتىكىنىڭ قانونىيەتلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى: زىددىيەت ۋە قارىمۇ - قارشىلىق جاھاندىكى پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، بەدىئىي زوقنىڭ ئومۇمىلىقى ئۆزىنىڭ ئۆز قاتارىدىكى خىلمۇخىللىقىنى، پەرقلەرنى كومۇۋتەلمەيدۇ. بەدىئىي زوقلىنىش ھەر بىر يەككە شەخسنى پائالىيەت بىرلىكى قىلغان بولغاچقا كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش پائالىيەتلىرى باشقا - باشقا، ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ. بۇنىڭغا بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىن بىر مىسال ئالايلى: جيا ئوردىسىغا تىياتىر قويغۇچىلار كەلگەندە، ئوردىدىكىلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارنى تاللىشىدۇ. جيا ئانا (جيامىڭنىڭ ئاپىسى، باۋيۈيىنىڭ مومىسى) «قىزىقارلىق، كۈلكىلىك» تىياتىرلارنى، شۆ باۋچەي (كېيىن باۋ يۈيگە تۇرمۇشلۇق بولغان ئاغچا قىز) «ھەشەمەتلىك، داغ - دۇغۇلۇق» تىياتىرلارنى بۇيرۇشىدۇ. باۋيۈي بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە «مەن ئەسلى - ئەسلىدىنلا كۈلكىلىك تىياتىرلاردىن قورقىمەن» دەيدۇ. بىر ئائىلىدىكى مۇشۇ بىر قانچە كىشىنىڭ بەدىئىي زوقىدا مۇشۇنداق چوڭ پەرقلەر بولغان يەردە بىر مىللەتنىڭ ياكى نەچچە ئون مىللەتنىڭ نەچچە يۈز مىليون ئاھالىسىنىڭ بەدىئىي زوق ھەۋەسلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ھەر قايسىمىزنىڭ زوق - ھەۋەسلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىمىز. بەزىلەر تارىخىي تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن «غېرىپ سەنەم» ئوپېراسىنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر «ئەجەل سىرتمىقى» دەك ۋەقەلىكى جىددى، مۇرەككەپ كومېدىيەلەرنى ياقتۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر «كۈتۈلمىگەن توي» دەك كۈلكىلىك كومېدىيەلەرنىلا كۆرسەم دەيدۇ. ھەتتا بىزنىڭ بەدىئىي زوقىمىزدىكى پەرقلەر بەزىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن: سوۋېت قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت»، ھىندى يازغۇچىسى گورشىن ناندانىڭ «يېڭى ئۈزۈلگەن لەگلەك» پوۋېستلىرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. لېكىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە

كىتابخانىلىرىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئەسەرگە بولغان ئىنكاسى تامامەن ئوخشىمايدۇ.
بەزىلەر «ئاق پاراخوت» نى ئىككى ئۈچ ۋاراق ئوقۇپلا زېرىكىپ تاشلاپ قوي-
غانىدى، «بىرىنچى ئۈزۈلگەن لەگلەك» نى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختىغان. يەنە بىر
تۈركۈم كىتابخانىلارنىڭ تەسىراتى دەل بۇنىڭ تەتۈرسىچە بولغان. دېمەك ئالدىن-
قىلار پىكرى يوشۇرۇنراق، لېرىكىلىق پۇرىقى كۈچلۈك، رومانتىزملىق تۈسى بار
ئەسەرلەرنى، كېيىنكىلەر بولسا ژىپ ئۇچى كۆپ، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، جىددى
ئەسەرلەرنى ياقتۇرىدىكەن. ناخشا-مۇزىكىدىمۇ بىر مىللەتكە تەۋە بولغان كىشىلەر-
نىڭمۇ ئۇنىڭغا بولغان «ئىشتىها» سىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
مەسىلەن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئاتۇش پەدىلىرىگە، يەنە بەزىلەر غۇلجا
ناخشىلىرىغا، بىر قىسىملار ئۈرۈمچىنىڭ مودا ناخشىلىرىغا زوقمەن قىلىدۇ. يەنە
بىر قىسىملار مۇقاملارغىلا ئىشتىياق باغلايدۇ. هازىر يەنە جاز مۇزىكىسى، كىلاسسىك
مۇزىكىلار، دېسكو مۇزىكىلىرىنىڭ ئىشقىۋازلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئومۇمەن قىلىپ
ئېيتقاندا زوق-هەۋەسلەر رەڭگى تۈرلۈك. ئۇنداق بولسا بۇ رەڭدارلىق قانداق
شەكىللەنگەن؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. ئۇلاردىن بىرى سىنىپىي ۋە ئىدىيىۋى
خاهىشىدىكى ئوخشىماسلىقلار بولۇپ، زوقلىنىشنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى شەكىللەن-
دۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەتتە ئىجتىمائىي گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى
ئۈچۈن ئېستېتىك لەززەتلىنىش سىنىپىي ئورنىنىڭ ۋە ئىدىيىۋى خاهىشىنىڭ كون-
ترولىقىدا بولىدۇ. مەسىلەن: 1662-يىلى مولىېرنىڭ «خانىملار مەكتىپى»
ناملىق كومېدىيىسى پارىژدا تۇنجى قېتىم قويۇلغاندا، تىياتىرخانىنىڭ ئۈستۈنكى
قەۋىتىدىكى قىممەتباهالىق ئازادە لوژىلاردا ئولتۇرىدىغان ئىسىلزادىلەر ئويۇننى بىر
خىل جىددىيلىك ئىچىدە كۆرۈپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكىنىڭ ئالامىتى
كۆرۈلمەپتۇ. بىراق تۆۋەندە ئەرزان باهالىق بېلەتنى ئېلىپ ئويۇن كۆرگەن پۇق-
رالارنىڭ كۈلكىسى زالدىلا بېسىلماپتۇ. ئوخشاش ئويۇننى كۆرۈۋاتقان ئىككى تەبىقىدىكى
كىشىلەرنىڭ تىياتىرخانىدىكى ئىپادىسى سىنىپىي ۋە ئىدىيىۋى پەرقلەر كىشىلەرنىڭ بەدىئىي
زوقىدىكى پەرقلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا
ئادەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، كەسپى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بەدىئىي تەربىيىسى، مىجەز
خاراكتېرى قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئامىللىرىمۇ ئۇلارنىڭ زوق-هەۋەسلىرىنىڭ خىلمۇ خىل-
لىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تۇرمۇش يولى ئەگرى-توقاي، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-
سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەر تىراگېدىيىلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئامراق. ئۇلار
مۇشۇنداق ئەسەرلەردىن ئۆزلىرىگە تونۇش سادانى تاپماق بولىدۇ. هەممە ئىشلىرى
ئوڭۇشلۇق بولغان يەنى كۆپ تاسقالمىغان كىشىلەر كومېدىيىلىك ئەسەرلەرگە قىز-
قىدۇ. ئۇلار بۇ ئەسەرلەردىكى زىددىيەتلەرنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى بىلەن پەيدا
بولغان كۈلكىدىن هوزۇرلىنىدۇ. شەهەرلەردە، زىيالىلار يىغىلغان ئورۇنلاردا تولستوي-

نىڭ ئەسەرلىرىنىڭ، رومىن - روللان، شولوخوۋ رومانلىرى، پۇشكىن، نېكراسوۋ شېئىرلىرىنىڭ كىتابخانلىرى كۆپ بولىدۇ. بېتخوۋېن، چايكوۋسكىي سىمفونىيىلىرىنىڭ تىڭشىغۇچىلىرى تېپىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن يېزىلاردا «ئانا كارېنىنا» كىنوسىنىڭ «پەرھات - شېرىن»، «مەسلىھەت چېيى» دېگەندەك دىراممىلارچىلىك بازار تاپالىشى ناتايىن. بۇ كىشىلەرنىڭ كەسپى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش مۇھىتى، تۇرار جايى قاتارلىقلارغا باغلىنىشلىق مەسىلە. بۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى پەرقلەرمۇ ئۇلارنىڭ بەدىئىي زوقىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. «سۇ بويىدا» رومانىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «چىياۋگەي» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياترىنى كۆرگەندە بەزىلەر ۋۇسۇڭنىڭ مەرتلىكى، پەلۋانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ. بەزى كىشىلەر چىياۋگەينىڭ داھىيانە سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا قول قويىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ۋۇيۇڭنىڭ پەم - پاراسىتىگە قايىل بولۇشىدۇ.

ھازىر بىز ئائىلىرىمىزدە ئۆكىلىرىمىز بىلەن، باللىرىمىز بىلەن تېلېۋىزور تالىشىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمىز. بۇ ئەھۋال ياش پەرقىنىڭمۇ بەدىئىي زوقتىكى پەرقلەرنى پەيدا قىلىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك خەلقنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئادەتلىرى مىللەت، مەملىكەت دائىرىسىدە ئومۇمىي ياقتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما زوقلىنىش پائالىيەتلىرىدىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىلمۇخىل بولىدۇ. سېلىشتۇرغاندا خىلمۇخىللىق، ئورتاقلىق ۋە ئومۇملۇقتىن رەڭدار ۋە مول بولىدۇ. بۇ رەڭدارلىقنى، بۇ خىلمۇخىللىقنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك؟

بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بايرىقىغا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن خەتنى ئۆچمەس قىلىپ يازغان ئىكەن. ئۇنداقتا ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە پەقەت ئۆزىنىڭلا زوق - ھەۋەسلىرى بىلەن ھېسابلاشماي كەڭ ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك.

ھازىر بىزنىڭ ئېكرانلىرىمىزدا بىر بولسا چامباشچىلىق، بىر بولسا دېلو راۋزېت فىلىملىرى كۆپلەپ قويۇلۇپ بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىگە ماسلاشتى. لېكىن سىنارىستلىرىمىز، رېژىسسورلىرىمىز بەدىئىي زوقى باشقىچە رەڭ بولغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ كىنوخانىنىڭ ئىشىكىدىنلا داجىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈشى لازىم. سەھنىلىرىمىزدە بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئوينىلىۋاتقان غېرىپ - سەنەم، ناھىر - زۆھرە، رابىيە - سەئىدىن، ئەل قىساسۇلمىنەلھەق، پەرھات - شېرىن، گۆلنىسا قاتارلىق تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرى سىناقلاردىن ئۆتكەن نادىر ئەسەرلەر بولسىمۇ، لېكىن تېمىسى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يېغىلىپ كېتىشى، باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىجات قىلىنماسلىقى خەلقىمىزنى زېرىكتۈرمەكتە. ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خەلق ئېھتىيا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جېنىڭ كەينىدە سۈرۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى ئىجادىيەتچىلىرىمىزدە بولسا، يەنە بىر سەۋەبى رەھبەرلىكتە، تەھرىرلىك خىزمىتىدە دەپ قاراش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك بەزى رەھبەرلىرىمىز ۋە تەھرىرلىرىمىز نەشرىيات ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، ئەسەر تاللىغاندا، رادىئو-تېلېۋىزىيە پىراگىراممىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، خىزمەت پىلانىنى تۈزگەندە ۋاقىت بىلەن كېتىدىغان چىقىمنى ھېسابلىشىدىكى، خەلقنىڭ نېمىنى خالاپ نېمىگە تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆپ سۈرۈشتە قىلمايدۇ. ئەگەر بەدىئىي زوقىمۇ نەزەردە تۇتتى دېيىشكە توغرا كەلسە تولاراق ئۆزىنىڭكىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

بىز يازغۇچى-شائىر، سەنئەتكارلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ھورۇنلۇق، ئىزدەنمەسلىك، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ئەھۋاللار، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئېھتىياتچانلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەدەبىيات-سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلماسلىق ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللار ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى قانداق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن خاتىرجەمسىزلەنمەي تۇرالمايمىز. ئۆز دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەدەبىيات-سەنئىتى بىلەن پۈتۈن جاھان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغان بۇ قەدىمى زېمىندە يەنە خۇشپۇرىقى مىللىتىمىزنىلا ئەمەس بەلكى دۆلەت دائىرىسىدىن، مەملىكەت دائىرىسىدىن ھالقىپ پۈتكۈل جاھاننى ھوزۇرلاندۇرىدىغان گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش، شۇنىڭدەك كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەي يېڭىلىق يارىتىش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرايدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا قىممەتلىك مىراسلىرىمىز يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىدۇ. خەلقنىڭ خىلمۇ خىل زوق-ھەۋەسلىرىمۇ قانىدۇ.

## III ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ بەدىئىي زوققا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ھەرگىز پاسسىپ ھالەتتە زوق-ھەۋەسلەرنىڭ قامچىسىنى كۈتۈپلا تۇرىۋەرمەيدۇ. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەلقنىڭ بەدىئىي زوقىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى يېتەكلەيدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى يېڭىلىق ئالدى بىلەن زوقلانغۇچىلارنىڭ بەدىئىي نەزىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستېتىك تەجرىبىلىرىنى بېيىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ناتونۇش بولغان يېپ-يېڭى ساھەلەرگە باشلاپ كىرىدۇ. زوقلانغۇچىلار كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: لۇتپۇللا مۇتەللىپ ماياكوۋسكىچە چاچما شېئىر شەكلىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئېلىپ كىردى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ يېڭىلىق تەدرىجىي سۈرئەتتە ئۇيغۇر كىتابخانلىرى تەرىپىدىن

قوبۇل قىلىنىپ. بارا - بارا ئۇلارنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماسلاشتى. نەتىجىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر گۈزەللىك ئوبيېكتى كۆپەيدى.

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلار ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىرىدا گۈل - ئۈستىگە گۈل قوشىدۇ. بىر يېڭى شەكىل بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەندىن، كېيىن ئاستا - ئاستا يەنە باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇشۇ يېڭىلىققا بولغان زوق - ھەۋەسلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. ماركىس كىنو كۆرمىگەن بولسا، لېنىن تېلېۋىزور كۆرمىگەن. بۈگۈن بىز ئۇلارنى ئەسلىگىنىمىزدە ئىنسانلار بەدىئىي زوقىنىڭ يېتىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىگە ھەيران قالىمىز. كومېدىيە سەنئىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياۋروپادىن ئېلىمىزگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىر ھەۋەسكارلىرىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

بەزى ئىسلام ئەللىرىدە بەزى دىنىي زاتلار كىنو، تېلېۋىزور، رادىئولارنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە سالغىنى دەپ چەك قويىدىكەن. لېكىن ھازىر بۇ نەرسىلەرنى كۆرمەيدىغان مۇسۇلمانلار ئاز ياكى يوق بولسا كېرەك.

خەلق ئاممىسى ئەدەبىيات - سەنئەتتە يېڭىلىقلارنىڭ بولماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىكى ھەرگىز يېڭىلىقلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن زېرىكمەيدۇ. گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتى قانچە تۈرلۈك بولسا ئۇنىڭغا بولغان زوق - ھەۋەسمۇ شۇنچە خىل بولىدۇ. لېكىن بىزدە يېڭىلىق ياراتسام خەلق قوبۇل قىلالماسمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدىغان ئىجادىيەتچىلەرمۇ بار. يەنە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، بەدىئىي تەربىيىسى يېتەرسىز، ئەسەرنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئوبدان ئەسەرلەرنى يازالمايۋاتىمىز دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇنداق قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي زوقنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا چۈشەنچىنىڭ كاملىقىدىن كېلىپ چىققان. زوقلانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىقلارنى قوللاش كېرەككى، سوغۇق سۇ سېپىشكە بولمايدۇ. گەرچە سىزنىڭ ئۇنىڭغا ۋاقتىنچە ھەۋەسىڭىز بولمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇنۇتماسلىقىڭىز كېرەك!

ھەر قانداق بىر ئىزدىنىشنىڭ پەقەت قىممىتىلا بولىدىكەن گەرچە ئۇ بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولمىسىمۇ ئەمما ئۇ چوقۇم ۋاقىتلىق ماسلىشالماسلىق قوبۇل قىلىنماسلىق باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىزدىنىشلەر ئومۇمىيۈزلۈك ماسلىشىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە يېڭى تەلەپلەر، يېڭى ماسلىشالماسلىقلار تۇغۇلىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى بۇنداق تەكرارلىنىش مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت ئەبەدىي ياشايدۇ. مانا بۇ بەدىئىي زوق بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر.

# رەڭ سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىك رولى توغرىسىدا

شېرىن قۇربان

بىز ياشاۋاتقان تەبىئەت دۇنياسى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن خىلمۇ خىل جىسىملارنىڭ چوڭ گەۋدىسى. بۇلارنىڭ كۆپى نۇر قوبۇل قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يەنە بىر قىسمى بولسا، نۇر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. لېكىن جىسىملارنىڭ نۇر قوبۇل قىلىش بىلەن نۇر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نۇر قوبۇل قىلىش ياكى قايتۇرۇشتا ئاكتىپ بولسا، بىر قىسمى ئۇ دەرىجىدە ئاكتىپ ئەمەس، يەنە بىر قىسمى بولسا ناھايىتى پاسسىپ. جىسىملارنىڭ نۇر قوبۇل قىلىش ياكى نۇر قايتۇرۇش دەرىجىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقىدىن ئىبارەت بۇ فىزىكىلىق ھادىسىلەر ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدە خىلمۇ خىل بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

كىشىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدە ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك رەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانلار تەپەككۇرىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەپەككۇر شەكلى بولغان تىلدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ - دە، نەتىجىدە رەڭ سۆزلىرى ھاسىل بولىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك پەرقلەرنى ئايرىۋېلىشقا، ئوبيېكتىپ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق ئىپادىلەشكە مۇھتاج بولىدۇ. ئېنىقكى، ئىنسانلار تەپەككۇر دائىرىسىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، رەڭ سۆزلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپىيىدۇ. لېكىن، ھەر قايسى مىللەت تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەرخىللىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تىلىدىكى رەڭ سۆزلىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش ئەمەس، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا تىل مۇتەخەسسىسلىرى يۈزگە يېقىن مىللەت تىللىرىدىكى رەڭ سۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ھەر قايسى تىللاردىكى رەڭ سۆزلىرىنىڭ سانى بىر-بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى تىللاردا رەڭ سۆزلىرىنىڭ پەقەت «ئاق ۋە قارا» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيىسىلا بارلىقىنى بىلگەن.

بۇ ماقالىدا ئاساسلىقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەڭ سۆزلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

1. رەڭ سۆزلىرىنىڭ تۈرلىرى

رەڭ سۆزلىرى تۈپ رەڭ سۆزلىرى ۋە ياسالما رەڭ سۆزلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تۈپ رەڭ سۆزلىرى ئاق، قارا، كۆك، سېرىق، قىزىل، يېشىل، سۆسۈن، بوز، قوڭۇر قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇ رەڭ سۆزلىرىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

ياسالما رەڭ سۆزلىرى بىر قەدەر كۆپ. ئۇ، تەقلىدىي رەڭ سۆزلىرى ۋە دەرىجە رەڭ سۆزلىرى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

تەقلىدىي رەڭ سۆزلىرى دېگىنىمىز، ئوخشىتىش يولى بىلەن، يەنى ئوبيېكتنىڭ رەڭگىگە تەقلىد قىلىنىش يولى بىلەن ياسالغان رەڭ سۆزلىرىگە ئېيتىلىدۇ. ئۇلار «A + B» ① شەكلىدە ياسىلىدۇ. بۇنىڭدا، «A» ئوبيېكتنى «B» رەڭنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، كۈلرەڭ، بېغىررەڭ، تۇپارەڭ، ھاۋارەڭ، زەيتۇنرەڭ، ئەترەڭ، جىگەررەڭ، سېغىزرەڭ، مايسارەڭ، سۇترەڭ، ناۋاترەڭ، ماشرەڭ، ۋە باشقىلار. بۇنداق رەڭ سۆزلىرى تىلدا خېلىلا كۆپ ئۇچرايدۇ.

تەقلىدىي رەڭ سۆزلىرى يەنە مۇنداق ئالاھىدە ياسىلىش يولى بىلەنمۇ يەنى ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ دەل ئۆز رەڭگىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەلۇم رەڭ بەلگىسىگە تەقلىد قىلىش يولى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. ئۇ «A + B + C» شەكلىدە ياسىلىدۇ، بۇنىڭدا، «A» ئوبيېكتنى، «B» ئوبيېكتنىڭ مەلۇم بەلگىسىنى، «C» رەڭنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئالما ئۇرۇقى رەڭ، پاختەك تۈكى رەڭ، پىياز كۆكى رەڭ، تۇخۇم سېرىقى رەڭ، كاۋا چېچىكى رەڭ... دېگەندەك.

دەرىجە رەڭ سۆزلىرىگە كەلسەك، ئۇ تۈپ رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى: «S+P» ياكى «P+S» دۇر. بۇنىڭدا، «S» تۈپ رەڭ سۆزىنى، «P» دەرىجە قوشۇمچىسىنى بىلدۈرىدۇ. «S+P» دا تۈپ رەڭ سۆزى ئالدىدا، دەرىجە قوشۇمچىسى كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئاقۇچ، ئاقشۇل، قارامتۇل، كۆكۈش، ساغۇش، قىزغۇچ،... دېگەندەك. «P+S» دا دەرىجە قوشۇمچىسى ئالدىدا، تۈپ رەڭ سۆزى كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپئاق، قاپقارا، تۇم قارا، كۆپكۆك، قارا كۆك، ئاچ قىزىل، توق قىزىل، قېنىق قىزىل، ساپسېرىق، ئاچ سېرىق، ياپيېشىل، قارا يېشىل دېگەندەك. قىسمەن ھاللاردا تېخى (S+P)+S شەكلىدىمۇ (تۈپ رەڭ سۆزى + دەرىجە قوشۇمچىسى + تۈپ رەڭ سۆزى) ياسىلىدۇ. مەسىلەن، قىزغۇچ سېرىق ... دېگەندەك.

① ماقالىدىكى فورمۇلىلار ماتېماتىكىلىق فورمۇلا ئوقۇش تەرتىپى بويىچە سولدىن ئوڭغا ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياسالما رەڭ سۆزلىرى ئىچىدە ھايۋانلارنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرىدىغان رەڭ سۆزلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئاق مېكىيان، قارا قوي، كۆك كەپتەر، جەدە ئات، قوتاز، بوز بايتال، ... دېگەندەك.

رەڭ سۆزلىرىنىڭ تۈرى بۇ دائىرە بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. رەڭ سۆزلىرى ئىچىدە تۈپ رەڭ سۆزلىرى يادرو ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تۈپ رەڭ سۆزلىرىسىز ياسالما رەڭ سۆزلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈپ رەڭ سۆزىنىڭ رەڭگى ئەمەلىيەتتە ياسالما رەڭ سۆزىنىڭ رەڭگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ياسالما رەڭ سۆزى رەڭگىنىڭ تولۇق ھەجمى تۈپ رەڭ سۆزى رەڭگىنىڭ ھەجمى ئىچىگە ئېلىنغان بولىدۇ. مەسىلى، «تۇپارەڭ»، ئەمەلىيەتتە سېرىق رەڭنى، «ھاۋارەڭ» بولسا، كۆك رەڭنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، تۈپ رەڭ سۆزلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ياسالما رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئېنىقلاش (تەسۋىرلەش، سۈرەتلەش، سۈپەتلەش) دائىرىسى نىسبەتەن چەكلىمىلىككە ئىگە. مەسىلەن، «سۇت رەڭ» دېگەندە، ئۇ ئەمەلىيەتتە «ئاق رەڭ» ئىچىدىكى بىر تۈرنى يەنى «ئاپئاق رەڭ» نىلا بىلدۈرىدۇ.

2. رەڭ سۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى

رەڭ سۆزلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، بۇلاردىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(1) رەڭ سۆزلىرى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇڭا، ئۇ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەپەككۇرنىڭ ئىپادە شەكلى بولغان تىل ئوبيېكتىپ دۇنيانى ۋاستىلىق (تەپەككۇر ياردىمى بىلەن) ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر رەڭگا - رەڭ، ئالايلۇق، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، بۇلۇت، تاغ - دەريا، دېڭىز - ئوكيان، ئوت - چۆپ، گۈل - گىيا، دەل - دەرەخ، ئۇچار - قانات، ھايۋانات، تىل، ئىشلەپچىقىرىش، ئىلىم - پەن ...... تەبىئەت دۇنياسى ئۆزىدىكى خىلمۇ خىل رەڭلەر بىلەن گۈزەل ۋە كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ئەگەر تىلدا خىلمۇ خىل رەڭ سۆزلىرى بولمىسا، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ گۈزەل قىياپىتىنى ئەينەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ. ماركس: «گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىچىدە، رەڭ تۇيغۇسى ئەڭ كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە-دۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئوبيېكتىپ دۇنيانى سادىقلىق بىلەن ئەينەن ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن چەمبەر - چەس باغلانغان، ئېنىقلاش، سۈپەتلەش، سۈرەتلەش، تەسۋىرلەش خاراكتېرىنى ئالغان رەڭ سۆزلىرىدىن چەۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

(2) رەڭ سۆزلىرى سۇبيېكتىپ بىلىش بىلەن زىچ باغلانغان. شۇڭا، ئۇ سۇبيېكتىپلىققا ئىگە. رەڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەسلىدە ھېسسىيات، مەنا بولمايدۇ. لېكىن ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش پائالىيەتلىرىدە سۇبيېكتىپ

ھالدا «رەڭ» گە ھېسسىيات بىلدۈرىدىغان مەنانى يۈكلىگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھ، ئوخشىمىغان جەمئىيەت، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە رەڭ ئىپادە قىلىدىغان ھېسسىيات تۈسى ۋە يوشۇرۇن مەنىلىرىدە خېلىلا زور پەرقلەر بولىدۇ. مەسىلەن، «قىزىل» رەڭنى ئالساق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن ئىشلىتىلىشتىن باشقا، يەنە ئوخشىمىغان كونتېكىستتا كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل ھېسسىيات تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشى مەزگىلىدە «قىزىل رايون» دېيىلسە، ئۇ «ئازاد رايون» دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، غەرب بۇرژۇئازىيىلىرى كوممۇنىزمنى «قىزىل» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ھازىرمۇ بەزى چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنى «قىزىل جۇڭگو» دەپ ئاتاۋاتقانلىقى ماتېرىياللاردىن كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. چەت ئەللەردە ياپونىيىنىڭ يىگزۇ رايونى بىلەن شىياڭگاڭنىڭ ۋەيزى رايونىنى «قىزىل رايون» دەپ ئاتايدىكەن، سەۋەبى بۇ رايونلاردا شەھۋانىۋازلىق ئەۋجگە چىققان ئىكەن. دېمەك، بۇلاردىن كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر رەڭ (قىزىل) ئارقىلىق ئەسلىدە خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، شەكلى، ھالىتى ۋە كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن شەيئى، ھادىسە ۋە ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«رەڭ» بىر تەرەپتىن، ئوبيېكتىپلىققا، يەنە بىر تەرەپتىن، سۇبيېكتىپلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، بىز ئۇنى ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىقنىڭ بىرلىكى دەپ ئاتالايمىز. رەڭ سۆزلىرىنى تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ رەڭ سۆزلىرىدىكى ھېسسىيات تۈسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش — ئەسەر ۋە نۇتۇقتا ھېسسىياتنى توغرا ئىپادىلەش، تىلنىڭ ئىپادە كۈچى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(3) رەڭ سۆزلىرى تىلدىكى باشقا سۆز - ئىبارىلەر بىلەن زىچ باغلانغان. رەڭ سۆزلىرى مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئىستىلىستىكىلىق رولى جەھەتتىكى ئوبرازچانلىقى، تەسىرچان ۋە جانلىقلىقى بىلەن تىلدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇلار باشقا سۆز - ئىبارىلەر بىلەن قانۇنىيەتلىك بىرىكىدۇ ۋە باشقا سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ ھەمدە شۇ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق تىلدىكى باشقا سۆز - ئىبارىلەر بىلەن باغلىنىدۇ. مەسىلەن، «كۆكلەم پەسلى» باھار پەسلىنى كۆرسەتسە، «ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزمەك» قىرغىنچىلىق قىلماق دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

### 3. رەڭ سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىشى

تىل ئوبرازلىق بولغاندىلا، كىشىگە لەززەت ۋە پىكىر بېغىشلايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر تەپەككۇر قىلىش پائالىيەتلىرىدە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە گۈزەل، تەسىرلىك

سۆزلەرنى قوللىنىپ، ئۆز ئىدىيىسى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، كىتابخان ۋە تۇيغۇ-
چىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ مېۋىسى بول-
غان رەڭ سۆزلىرى مانا مۇشۇ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىلەن تىلدا ئىنتايىن كەڭ
قوللىنىلىدۇ.

يىغىنچاقلاپ قارىغاندا، رەڭ سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئىككى خىل بولىدۇ،
بىرى، ئادەتتىكىچە قوللىنىلىشى، يەنە بىرى، ئالاھىدە قوللىنىلىشى.

رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكىچە قوللىنىلىشى دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى
مەنىسى بويىچە قوللىنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كۆك خادانى، قىزىل گۈل،
ئاق شايى، قارا تەنلىكلەر، بوز ئات ... دېگەندەك. رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە
قوللىنىلىشى، رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكىچە قوللىنىلىشىغا سېلىشتۇرۇلغان ھالدا
ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ، ئادەتتە رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئىستېلىستىك ئەندىزە دائىرىسىگە
كىرگەندىن كېيىنكى ئوخشىتىش، سىمۋوللۇق ۋە كۆچمە مەنىسىدە قوللىنىلىشىنى
كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئاق سۆڭەك» دېگەندە شۇ كىشىنىڭ سۆڭىكىنىڭ راستىنلا
ئاقلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ فېئودال ئەزگۈچى، تىرىكتاپ ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىدۇ. رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكىچە قوللىنىلىشى بىرقەدەر ئاسان؛ ئالاھىدە
قوللىنىلىشى بولسا، بىر قەدەر مۇرەككەپ.

رەڭ سۆزلىرى ئىستېلىستىك ئەندىزە ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزى-
نىڭ لېكسىكىلىق مەزمۇنىنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، يەنە ئالاھىدە كۆچمە مەنانى
ئىپادىلەيدۇ. كونكرېت قوللىنىشتىن قارىغاندا، رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە قوللى-
نىلىشى ئۇنىڭ سىمۋوللۇق قوللىنىلىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ رەڭ سۆز-
لىرىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىلەردە قوللىنىلىشى، بىشارەتلىك قوللىنىلىشى ۋە
مىللەتلەر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىكى قوللىنىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رەڭ سۆزلىرىنىڭ سىمۋوللۇق قوللىنىلىشى، ئادەتتە مۇئەييەن بىر رەڭ ئارقىلىق
مەلۇم ئابستراكت ئاڭ پاكى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولماي-
دىغان ئوبيېكتنى ئوبرازلىق پاكى يوشۇرۇن ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق
سىمۋول مەلۇم ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق سىمۋوللار مۇئەي-
يەن تارىخ، پسىخىك ۋە تەسادىپىلىق ھادىسىلەر ئامىللىرىنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن،
«+» بەلگىسى ئاساسەن خىرىستىيان دىنىنىڭ سىمۋولى. خىرىستىيان دىنىنىڭ
پەيغەمبىرى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپتە ئادەمىزاتنى قۇتقۇزۇش ۋەجىدىن
جازالىنىپ «+» شەكلىدىكى تاختايغا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى، كېيىن ئاللانىڭ
ئەمرى بىلەن قايتا تىرىلىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت رىۋايەت بۇ سىمۋولنىڭ ئاساسى.
ئەمدى، «مەشئەل» نىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ سىمۋولى بولۇشى ئولىمپىك
تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

رەڭ سۆزلىرىنىڭ سىمۋوللۇقلىقىمۇ ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. مەسىلەن، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، ئۇ شۇ دۆلەتلەرنىڭ سىمۋولى بولۇش بىلەن بىللە شۇ دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئىجتىمائىي ھادىسىلىرى (جۈملىدىن مەشھۇر تارىخىي شەخس) ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ بايرىقى قىزىل، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىنقىلابىي غەلىبىسىنىڭ سان-ساناقسىز قەھرىمانلارنىڭ قىزىل قان بەدىلىگە كەلگەنلىك مەزمۇنىنى ئىپادىلەش بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان.

بىر قىسىم رەڭ سۆزلىرىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى جەمئىيەتنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ تۇراقلاشقان. مەسىلەن، «قىزىل رەڭ» ئادەتتە خۇشاللىقنىڭ بەلگىسى، «قارا رەڭ» بولسا «قايغۇ-مۇسىبەت» نىڭ بەلگىسى.

ئىنسانلار ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا، رەڭ ئارقىلىق خىلمۇ خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. قىزىقارلىقى شۇ يەردىكى، بىر قىسىم رەڭلەر ئىجابىي مەنا ئاڭلاتسا، بىر قىسىم رەڭلەر سەلبىي مەنا ئاڭلىتىدۇ. يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ باركى، ئوخشاش بىر رەڭ، ئوخشىمىغان كونتېكستتا ھەم ئىجابىي ھەم سەلبىي مەنا ئىپادىلەيدۇ. ئالايلۇق، «ھەم قىزىللىشىش، ھەم مۇتەخەسسىسلىشىش» تىكى «قىزىللىشىش» سۆزى «ئىنقىلابىيلىشىش» تىن ئىبارەت ئىجابىي مەنانى ئىپادىلىسە، بەزىدە كىشىلەر «قىزىل» نى سەلبىيلەشتۈرۈپ «قىزىل كۆز» «قىزىل پاچاق» دەپ ئىشلىتىدۇ.

سېرىق رەڭنى ئالساق، كىشىلەر تۇرمۇشتا «سېرىق رەڭ» نى كۆپ ھاللاردا «ئاجىز»، «زەئىپ»، «كېسەلمەن» مەنىدە قوللىنىدۇ. ئامېرىكىدا كىشىلەر بەزىلەرنى «سېرىق» دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ يەردىكى «سېرىق» نىڭ مەنىسى «توخۇ يۈرەك» «جىگەرى يوق» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. قەغەزلەر ئىچىدە ئەڭ ناچىرى سېرىق قەغەز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەرزان باھالىق كىتابلار ئادەتتە سېرىق قەغەزدىن ئىشلىنىدۇ ۋە تاشلىنىدۇ. بىراق «سېرىق كىتاب-ژۇرناللار»، «سېرىق ناخشا-مۇزىكىلار» دېگەندەك گەپلەر ئېلىمىزدە ئەرزان باھالىق كىتاب-ژۇرنال ياكى ناخشا-مۇزىكىلارنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان كىتاب-ژۇرناللار ياكى ناخشا-مۇزىكىلارنى كۆرسىتىدۇ.

«بۈركۈت كەبى كۆكتە پەرۋاز قىلماق» دېگەندىكى كۆك سۆزى «ئاسمان» نى بىلدۈرسە، «كۆك ئۈنۈپتۇ» دىكى «كۆك» سۆزى كۆك رەڭنى بىلدۈرمەستىن بەلكى ھەر خىل كۆكتاتلارنى كۆرسىتىدۇ. «بۇ نان كۆكىرىپ قاپتۇ» دېگەندىكى «كۆكەرمەك» سۆزى «بۇزۇلماق»، «سېسىپ كەتمەك»، «سۈپەت ئۆزگەرمەك» دېگەندەك مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. ئېنگلىز تىلىدا «كۆك» سۆزىنىڭ يەنىلا ئالاھىدە مەنىسى بار ئىكەن. يەنى «كۆك رەڭلىكلەر» دېيىلسە، ئۇ «ئاق سۆڭەكلەر» نى كۆرسەتسە، «كۆك رەڭلىك ئات» دېگەندەك، ئاتنىڭ رەڭگىنىڭ كۆكلىكىنى ئەمەس، بەلكى

www.uyghurkitap.com

شۇ ئاتنىڭ «ساپ نەسىللىك ئات» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن.

«ئاق رەڭ» ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنا ئاڭلىتىش ئالاھىدىلىكى بىلەن [illegible] لەرنىڭ ئالاقىلىشىش پائالىيەتلىرىدە بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، كۆڭۈل سۆزى «تۈز كۆڭۈل»، «ياخشى نىيەتلىك» دېگەننى، «ئاقلاش سۆزى» «گۇناھسىزلاندۇرۇش» ياكى «گۇناھدىن تېنىۋېلىش» دېگەننى، «ئاق يول تىلىمەك» سۆزى «سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىمەك» دېگەننى؛ «بىرىنچىدىن كەمبەغەل ئىككىنچىدىن ئاق» سۆزىدىكى «ئاق» سۆزى «سانائەت ئاساسى يوق» دېگەننى بىلدۈرسە، «ئاق رايون» سۆزى «دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايون» دېگەننى بىلدۈرىدۇ ۋە باشقىلار.

رەڭ تۈرى ئىچىدە «قارا رەڭ» كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەس رەڭ ھېسابلىنىشى كېرەك. كىشىلەر «قارا» سۆزىنى سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، «قارا قوساق» سۆزى «بىلىمسىز» «مەدەنىيەتسىز» دېگەننى، «قارا نىيەت» سۆزى «بەدنىيەت» «ئىچى يامان» دېگەننى، «قارىلاش» سۆزى «بوھتان چاپلاش»، «تۆھمەت قىلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «قارا يېپ» سۆزى «گېزەندە»، «بۇزۇق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان ئىدى. «قارا باسماق» سۆزى «قاباھەتلىك چۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە يەنە «پالاكەت باسماق»، «غەپلەت باسماق» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەك»، «ئاق-قارىنى ئارىلاشتۇرماق» سۆزلىرىدىكى «ئاق» سۆزى «ھەق»، «قارا» سۆزى «ناھەق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، بىر قىسىم رەڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى (سىمۋوللۇقى) تۇراقلىققا ئىگە بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم رەڭ سۆزلىرىنىڭ سىمۋوللۇقى كونكرېت تىل شارائىتىغا ئۆزگىرىشچانلىققا، جانلىقلىققا ئىگە. لېكىن بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋال سۆزنىڭ تۇراقلىق مەنىسى ئىچىگە كىرمەيدۇ، بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

رەڭ سۆزلىرىنىڭ سىمۋوللۇقى ئۇنىڭ بىشارەتلىك رولىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «قىزىل چىراق» كىشىلەرگە بىرەر خەتەردىن بىشارەت بېرىدۇ. كوچىلاردا «قىزىل چىراق» ياندۇرۇلسا، ئاپتوموبىل قاتناشتىن توختايدۇ. «يېشىل چىراق» ياندۇرۇلسا، ئاپتوموبىل قاتنايدۇ. ئۇرۇشلاردا «ئاق بايراق» چىقىرىلسا، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. تۈرمىلەردە جىنايەتچىلەر قارا كىيىم كىيىدۇ، بۇ گۇناھكارلىقنىڭ بەلگىسى. بىز ئادەتتە ھەربىيلەرنىڭ كىيىم رەڭگىنىڭ ھەر خىللىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ قورۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيمىز. دوختۇرخانىلاردا ئومومىي يۈزلۈك ئاق خالات كىيىدۇ ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىمۋوللۇق بەلگىلەر ھېسابلىنىدۇ.

رەڭ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگەللىگەن. لېكىن «رەڭ» نىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە قوللىنىشتا ئورتاقلىقمۇ، پەرقلىقمۇ بار. «قىزىل» رەڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئاساسەن خۇشاللىقنى، «قارا» رەڭ ئەكسىچە قايغۇ-مۇسىبەتنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى «رەڭ» لەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە قوللىنىلىشى ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، خەنزۇلار قارا باغلاش ئارقىلىق ئۆز ھازىسىنى ئىپادىلىسە، ئۇيغۇرلار ئاق باغلاش ئارقىلىق مەرھۇم كىشىگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. تاجىكلار بولسا، قارا، كۆك، ئاق كىيىم كىيىش (ئاياللار قارا ياكى كۆك رومال ئارتىش) ئارقىلىق ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈرىدۇ. تاجىكلاردا يەنە ئاق كىيىم كىيىش ياشانغانلىقنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە، مۇسۇلمانلار ئۆلگۈچىنى ئاق كېپەنگە ئورايدۇ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە قارا رەڭ مۇسىبەتنىڭ بەلگىسى ئىكەن. ئۇلار ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا بېلىگە قارا باغلاپ ياكى قارا گالستۇك تاقاپ ھازىدارلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن. ياپونىيىلىكلەر يېشىل رەڭنى، برازىلىيىلىكلەر قوڭۇر سېرىقنى مۇسىبەت بەلگىسى قىلىدىكەن. ئۇلار ئادەم خۇددى دەرەختىن چۈشكەن سېرىق غازاڭغا ئوخشايدۇ، دەپ قارىغاچقا، قوڭۇر سېرىق رەڭنى يامان كۆرىدىكەن. بېلگىيىلىكلەر كۆك رەڭنى بەك يامان ئالىدىكەن. ئۇلار بىرەر شۇملۇققا دۇچ كەلسىلا، كۆك كىيىمنى بەلگە قىلىدىكەن ھەمدە چۈشىدە كۆك نەرسىنى كۆرۈپ قالسا، ئەتىسى «پېشكەللىك باسىدۇ» دەپ قارايدىكەن. ئېفىيوپىيىلىكلەرنىڭ ئاچ سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيگەنلىكى مەرھۇملارغا بولغان قايغۇلۇق ماتەم تۇتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەن. تۈركىيىلىكلەر مېھمان كۈتۈش زالى، زال ۋە ئۆيلەرنى زىننەتلىگەندە، ئالا يېشىل رەڭلىك نەرسىلەرنى قەتئىي ئىشلەتمەيدىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە، بۇ خىل رەڭ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەن ۋە باشقىلار. دېمەك، بۇنىڭدىن مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە تۈرلۈك رەڭ تۈرلۈك سىمۋوللۇق مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### 4. رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئىستىلىستىك رولى

رەڭ سۆزلىرى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋە تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئىستىلىستىك رولى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ:

(1) رەڭ سۆزلىرى تىلنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. گۈزەل بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىي تىللار تىل ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. ئوبرازلىق تىل بولمىغاندا، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كارتىنىسى قانچىلىك كۆركەم، قانچىلىك جانلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭۈلدىكىدەك ئېستېتىك زوق ئالغىلى بولمايدۇ. ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئاپتور ئاۋاز، پۇراق، تەم، سېزىم قاتارلىق سەزگۈ خاراك-

www.uyghurkitap.com

تېرىلىك سۆزلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ئوبرازنى خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك يارقىن، جانلىق سۈرەتلەپ، كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى، تەپەككۇرىنى قوزغىيالايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، كىشى گويا ئۆزىنى شۇ مۇھىتتا تۇرغاندەك، پېرسوناژلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، ئۇلارنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇلار بىلەن بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. دەرۋەقە، رەڭ سۆزلىرى خۇددى يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ سىگنالى. رەڭ سۆزلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغاندا تىل ناھايىتى كۆركەم، رەڭگا-رەڭ ۋە تەسىرلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا مىخائىل شولوخوۋنىڭ «تېنىچ دون» رومانىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاسى ئوبدان مىسال بولالايدۇ: «كۆز قۇياشى تاتارىسكى يېزىسىنىڭ يان تەرىپى بىلەن ئەگىپ ئاپئاق بۇلۇت غىجىملىنىپ تۇرغان ئاسماندا دۈگىلەكلىنىپ ئۈزۈپ باراتتى. ئۇ يەردە، ئېگىزلىكتە مەيىن شامال بۇلۇتلارنى ئاستا قوزغىتىپ، غەرب تەرەپكە لەرزان ئاققۇزۇپ كېتەتتى، ئەمما تاتارىسكى يېزىسىنىڭ ئۈستىدە، دوننىڭ توق يېشىل تۈزلەڭلىكى ئۈستىدە، يالىڭاچ ئورمانلار ئۈستىدە شامال قۇدرەتلىك ئېقىم بولۇپ سوقۇپ، قىزىل تاللار بىلەن تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىنى پەسكە ئېگەتتى، دوننىڭ سۈيىنى شالاقلىتاتتى، كوچىلاردا سېرىق ياپراقلارنى توپ-توپى بىلەن ھەيدەيتتى...»①

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا رەڭنىڭ كىشىلەرنى سوغۇقلۇق، ئىللىقلىق، يەڭگىللىك، ئېغىر بېسىقلىق، يىراق-يېقىنلىق ھەمدە خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، ھەشەمەتلىك، ئاددىي-ساددىلىق ۋە ھارغىنلىق قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تۇيغۇلارغا كەلتۈرىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. قىزىل رەڭ كىشىنى خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. كۆك رەڭ ئېغىر بېسىقلىق ۋە سالقىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. سېرىق رەڭ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. يېشىل رەڭ كىشىگە ساپلىق ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. **تۇتۇق** رەڭلەر كىشىگە ئېغىرلىق ۋە ھارغىنلىق تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. رەڭنىڭ يوقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىلمىي پايدىلىنىپ، خىزمەت مۇھىتىنى ياخشىلىغىلى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چەت ئەلدىكى بىر زاۋۇتتا ماللار قارا ساندۇققا قاچىلانغاندا، ئىشچىلار قاچىلاش-چۈشۈرۈشتە ئىنتايىن ئېغىر ھېس قىلغان. كېيىن ساندۇقنىڭ سىرىنى يېشىلغا ئۆزگەرتكەندە، شۇ ھامان يەڭگىل ھېس قىلغان. ياپونىيىدە بىر خىل رەڭلىك ماي ئىشلەنگەن. ئۇ، شەھەر ئىچىدىكى ئاپتوموبىل ۋەقەسى يۈز بېرىدىغان يوللارغا يېيىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىل ۋەقەسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىگەن. ئۇزۇن مۇساپىلىق تاشيول ھەر خىل رەڭلىك قىلىۋېتىلسە، شوپۇرلار ھامان يېڭىلىق ھېس قىلىپ، سەزگۈرلىكىنى ئوبدان ساقلايدىكەن. ئېغىر ۋە زېرىكىشلىك ئەمگەك سورۇنلىرى ئوچۇق رەڭ بىلەن بېزەلسە، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى ئاشىدىكەن. نازۇك ۋە ئىنچىكە خىزمەت

① رومان — 2 — كىتاب، ئۇيغۇرچە 99 — بەت

سۈرۈنلىرى نەپىس رەڭلەر بىلەن بېزەلسە، دىققەت-ئېتىبار مەركەزلىشىدىكەن. ئىستانوكلار ئۇچۇق سىر بىلەن سىرلانسا، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش ئاز بولىدىكەن. چەت ئەللەردە بەزى زاۋۇت سېخلىرىغا ئۆزگىرىشچان رەڭلىك چىراقلار ئورنىتىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىك ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ھاۋا رەڭگىگە تەقلىد قىلىنىپ رەڭ بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر خۇددى تەبىئەت قوينىدا تۇرغاندەك يەڭگىللىك ۋە خۇشخۇيلۇق ھېس قىلغان.

(2) رەڭ سۆزلىرى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ، تىلنىڭ روشەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ. رەڭ سۆزلىرى كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى رەڭگە يۈكلەپ، ئوبراز رەڭگى ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى كىتابخانلارغا ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇڭا، تىلى ھېسسىياتلىق، ئېنىق، روشەن بولىدۇ. لېكىن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، رەڭ سۆزلىرىنى تاللىغاندا، ئۇنىڭ ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان-بەرمەيدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىشلىتىلگەن رەڭ سۆزلىرى بىلەن ئوبيېكت ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ قالىدۇ-دە، ئوبيېكت ئەينەن ئىپادىلەنمەيلا قالماستىن، ئەسەرنىڭ تىلىمۇ چۇۋالچاق، مۇجمەل بولۇپ قالىدۇ.

(3) رەڭ سۆزلىرى تىلنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسى يەنى ئاشكارە مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى يەنى يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ تىلنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر كۈچلۈك ھېسسىياتچانلىققا ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى يەنە مول تەسەۋۋۇرغىمۇ ئىگە. يازغۇچى، شائىرلار تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مول ھېسسىياتىنى تېخىمۇ تەسىرلىك، تېخىمۇ مېغىزلىق قىلىپ ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ. رەڭ سۆزلىرى بۇ جەھەتتە مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئەسەرلەردە پىكىر بەك ئوچۇق بولۇپ قالسا، كىتابخانلارغا مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىشقا ئورۇن ۋە ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ئۇلار ئەسەرنىڭ بېشىنى كۆرۈپلا ئاخىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى، كىنونىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرگىچە، خاتىمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەردە ئەقلىي خۇلاسىلىق مەسىلىلەر بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىلاجى بار يوشۇرۇن بولۇشى كېرەك. بۇ نوقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، چوڭقۇر مەنا ئاڭلىتىدىغان، كۈچلۈك سىمۋوللۇققا ئىگە بولغان رەڭ سۆزلىرى بەلگىلىك رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، رەڭ سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىك رولى مەسىلىسى ئىلمىي تەتقىقاتتا مۇھىم بىر تېما. مەزكۇر ماقالە مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەشنىلا مەقسەد قىلىدۇ.

# ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

لېكسىكولوگىيە تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ئۇ سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسى، شۇنداقلا سۆز مەنىسىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە سېماسىئولوگىيە (سېمانتىكا)، ئېتىمولوگىيە، لۇغەتشۇناسلىق دېگەندەك بىر قانچە تارماقلارغا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى بولىدۇ.

سېماسىئولوگىيە سۆز مەنىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. سۆز مەنىسى دېيىلگەندە سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن گرامماتىكىلىق مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۆزنىڭ مەلۇم شەيئى ۋە ھادىسە توغرىسىدىكى مەنىسى لېكسىكىلىق مەنا دېيىلسە، سۆزنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان مەنا گرامماتىكىلىق مەنا دېيىلىدۇ. گرامماتىكىلىق مەنا لېكسىكىلىق مەنا ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. بىر سۆز يالغۇز تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. لېكىن گرامماتىكىلىق مەنا پەقەت سۆزلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئۆز ئارا باغلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، گرامماتىكىلىق مەنا لېكسىكىلىق مەنىگە قارىغاندا ئابستراكتراق بولىدۇ.

سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سېمانتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولسا، سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق مەنىسى گرامماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. سېماسىئولوگىيە سۆز مەنىسىنى تەتقىق قىلغاندا، سۆز مەنىسى بىلەن ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتىنى، سۆز مەنىسىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى، يەنى سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى، كۆچۈشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

سۆز - تاۋۇش بىلەن مەنانىڭ بىرلىكىسى. سۆز مۇئەييەن بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئۇقۇم سۆز-ئىبارە ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇقۇم — سۆز-ئىبارىنىڭ مەزمۇنى، سۆز - ئىبارە بولسا ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. شۇڭا ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزم ۋە تىلشۇناس-

لىق مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىردە: «سېمانتىكا تىلشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدىن بىرى. سۆز ۋە ئىبارىنىڭ مەنا تەرىپىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا سېمانتىكىنىڭ تىلشۇناسلىقتا تېگىشلىك ئورنىنى ئېلىشىغا كاپالەت قىلىش كېرەك» دېگەن ئىدى.

بىزگە مەلۇم، سۆز بىلەن سۆز مەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ ھەم چىگىش بولىدۇ. بۇ مۇرەككەپلىك، چىگىشلىك بىر تەرەپتىن، بىر سۆزنىڭ بىرلا مەنا بىلدۈرمەيدىغانلىقىدا كۆرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر مەنانى بىر بىرىگە ئوخشىمىغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقتا كۆرۈلىدۇ؛ ئەگەر بۇ مەسىلە ئوبدان تەتقىق قىلىنمىسا ، شەكىلداش سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر، قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر مەسىلىسىنى، شۇنداقلا لۇغەت تۈزۈشتە بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى ئىلمىي ھالدا بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولىدۇ.

ئېتىمولوگىيە سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنى بىر سۆزنىڭ ئەسلىدە قانداقلىقىنى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ سۆزدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ.

ھازىر بىزدە لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى قولغا ئېلىنغىنى يوق. ئېلىنغان بولسىمۇ چىڭ تۇتۇلغىنى يوق. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات تىلشۇناسلىقنىڭ باشقا تارماقلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا، يەنى فونېتىكا، گىراماتىكا تەتقىقاتىغا قارىغاندا ناھايىتى ئاجىز ھالقا. شۇ سەۋەبلىك بەزى سۆزلەرنى خاتا ئىزاھلاش («شاپ» سۆزىگە قارالسۇن)، بەز بىر تىل قۇرۇلۇشلىرىغا خاتا تەبىر بېرىش ئەھۋاللىرى، ھەتتا بەزى سۆزلەر ھەر قايسى دىئالېكتلاردا ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ سۆزنىڭ ئەسلىنى بىلەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت.

تىل خادىملىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېمانتىكىسى ۋە ئېتىمولوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن بىر قانچە ئونىنى بەردىم.

1 . ئاداق — بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاداق» شەكلىدە بولسىمۇ، كېيىن «د» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ «ئاياق» (پۇت) شەكلىگە كەلگەن. لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاداققى ، ئاداققىچە» دېگەن سۆزلەردە يەنىلا «ئاداق» دېگەن تومۇر ساقلىنىپ قالغان.

2 . ئارت — بۇ سۆزگە «تۈركى تىللار دىۋانى»① دا (I . 59) «داۋان» دەپ نام بېرىلىپ« ئەرمەگۈگە ئەشىك ئارت بىزلۈر» (ئېرىنچەككە بوسۇغا داۋان كۆرۈنۈر) دېگەن ماقال مىسال كەلتۈرۈلگەن. ئاپتورنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىدىن ھازىرقى «مۇزات» (مۇڭغۇلكۈرەدە)، «ئۇ پۇلات» (قەشقەر توققۇزاقتا)، «كۆكات»

① تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دەپ ئېلىندى.

(قاغىلىقتا) دېگەن يەر ناملىرىنىڭ «مۆز، ئوپال، كۆك» دېگەن سۆزلىرىگە «ئارت» سۆزى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان بىرىككەن سۆز ئىكەنلىكىنى؛ «ئارت» سۆزىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن ھازىر ئۈچتۇرپان قاراشلىق «يېڭىئارت» (يېڭى داۋان) دېگەن يەر نامىدا «ئارت» سۆزىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىماقتا ۋە يېزىلماقتا.

3 . ئاغ — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (I · 110) «چات، چاتارا» دەپ مەنا بېرىلىپ «يۈز ئات مەنىڭ ئاغدىن كەچتى» (مېنىڭ چاتارامدىن يۈز ئات ئۆتتى) دېگەن مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چات، چاتارا» دېگەن مەنىدە ئەمەس، «ئىشتاننىڭ ئېغى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، ئىشتاننىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى ئوبدان بوپتۇ، بىراق ئېغى كەڭ بولۇپ قاپتۇ، دېگەندەك، ئەمەلىيەتتە «ئىشتاننىڭ ئېغى» دېگەن مەنا بىلەن «چات، چاتارا» دېگەن مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر بەلگە ۋە ئورتاق بىر باغلىنىش بار.

4 . ئاڭ — بۇ «ئىدراك، زېھىن، چۈشەنچە، زەكا، پاراسەت» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. مۇشۇ تومۇر بىلەن «ئاڭلا» دېگەن پېئىل ياسالغان. «ئاڭلا» دېگەن بۇ سۆز «دىۋان» دا (I · 381) «چۈشەنمەك» دېگەن مەنىدە بېرىلگەن. لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ پېئىل «تىڭشىماق، ئىشىتمەك» دېگەندەك پېئىللار بىلەن مەنىداش قىلىپ قوللىنىلماقتا. بۇ پېئىل «ئىدراك قىلماق، ھېس قىلماق، سەزمەك، چۈشەنمەك، ئەقىل يۈرگۈزمەك، پەرق ئەتمەك، ...» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلغان بولسا توغرا بولغان بولاتتى. بۇ «سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغان سۆزلەرگە يۈكلەنگەن لېكسىكىلىق مەنا تومۇرنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن يىراقلاشمايدۇ» دېگەن تونۇشىمىزغا ئۇيغۇن بولغان بولاتتى. دېمەك، «ئاڭ» دېگەن سۆز بىلەن ياسالغان «ئاڭلا» دېگەن سۆزدە مەنا كۆچۈپ كەتكەن. ۋاھالەنكى، «ئاڭ» دېگەن تومۇرغا «قار» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان «ئاڭقار» (پەرق ئەتمەك) دېگەن پېئىلدا تومۇرنىڭ مەنىسى ساقلىنىپ قالغان،

5 . ئال — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (I · 111) «ھىلە» دەپ مەنا بېرىلىپ «ئالدىن ئارسلان تۇتار كۈچىن ئۈيۈق تۇتماس» (ھىلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس) دېگەن ماقال مىسال كەلتۈرۈلگەن. يەنە جافەر ئوغلىنىڭ «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»① دېگەن لۇغەتتە «ئال» دېگەن سۆزدىن ياسالغان «ئاللىغ» (ھىلىلىك) دېگەن سۆزنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئال» ۋە «ئاللىغ» دېگەن سۆزلەر بولمىسىمۇ، لېكىن «ئال» دېگەن تومۇرغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «دا» نى قوشۇپ «ئالدا» دېگەن پېئىلنى،

---

① قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر لۇغىتى



www.uyghurkitap.com

بۇ پېئىلغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «م» نى قوشۇپ «ئالدام» دېگەن ئىسىمنى؛ بۇ ئىسىمغا يەنە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «چى» نى قوشۇپ «ئالدامچى» دېگەن ئىسىمنى؛ بۇ ئىسىمغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىق» نى قوشۇپ «ئالدامچىلىق» دېگەن ئىسىمنى ياساپ قوللانماقتىمىز. «ئال» سۆزى بىلدۈرگەن مەنا بىلەن «ئالدا»، «ئالدام»، «ئالدامچى» ۋە «ئالدامچىلىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرى ئوخشاش.

6. ئالتىن — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (I·147) «ئالتىن، تۆۋەن» دېگەن مەنىلەرنى بەرگەن. ئاپتور «ئاستىن» دېيىش توغرا ئەمەس، توغرىسى «ئالتىن» دەپ ئالاھىدە ئىزاھ بەرگەن. ئاتۇش خەلقىنىڭ يۇقىرى ئاتۇش بىلەن تۆۋەنكى ئاتۇشنى «ئۈستۈن ئاتۇش»، «ئالتىن ئاتۇش» دەپ ئاتىشى توغرىدۇر. بۇندىن باشقا تۈركىيە تۈركلىرىمۇ بۇ سۆزنى ئەينى شەكىل ۋە ئەينى مەنىدە قوللىنىدۇ.

7. ئەرۈك (ئۆرۈك) دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا («دىۋان» I·94) شاپتۇل، ئۆرۈك، قارائۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئومۇمى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇ مېۋىلەر سۈپەت ئارقىلىق بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، تۈلۈگ ئەرۈك (شاپتۇل)، سارىغ ئەرۈك (ئۆرۈك)، قارائەرۈك (قارائۆرۈك) دېگەندەك. دېمەك، «ئەرۈك» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ مەنىدە، يەنى بىر نەچچە خىل مېۋىنىڭ ئومۇمى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تارىيىپ بىرلا مېۋىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان.

8. ئەشىك — «دىۋان» دا (I·59) بۇ سۆزگە «بوسۇغا» دەپ مەنا بېرىلگەن. مەسىلەن، «ئەرمەگۈگە ئەشىك ئارت بولۇر» (ئېرىنچەككە بوسۇغا داۋان كۆرۈنۈر) دېگەندەك. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوسۇغا مەنىسىدە ئەمەس، ئىشىك مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. تۈركىيە تۈركچىسىدە بولسا «دىۋان» دىكىگە ئوخشاش «بوسۇغا» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

9. ئەڭ — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (I·56) «مەڭىز، ياناق» دېگەندەك مەنىلەر بېرىلگەن. بۇ تومۇرغا ئىسىم ياسىغۇچى «لىك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئەڭلىك» دېگەن ئىسىم ياسالغان. بۇ سۆز «دىۋان» دا (I·156) خوتۇنلار مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

10. ئەمگە — بۇ سۆز «قۇتادغۇبىلىك» تە «جاپا چەكمەك» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ تومۇرغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ك» قوشۇلۇپ «ئەمگەك» دېگەن ئىسىم ياسالغان. بۇ «جاپا، مۇشەققەت، ئەزىيەت» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە.

11. باغىش — بۇ سۆز «دىۋان» دا (I·475) «بارماق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بوغۇمى، قومۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بوغۇمىمۇ شۇنداق

www.uyghurkitab.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ مەنا دائىرىسى تارىيىپ پەقەت ئالقان بىلەن بىلەكنىڭ تۇتاشقان يېرى «بېغىش» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغان.

12 . بورلۇق — بۇ «مېۋىلىك باغ، ئۈزۈملۈك» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆز. بۇ سۆز VIII — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» دا ئۇچرايدىغان «بور، بورچى، بورلۇق، بورلۇقچى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «بور» سۆزى «ئۈزۈم» ۋە «شاراپ» دېگەن مەنىدە. «بورچى» سۆزى بولسا «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى» دە ① باغۋەن. ② ئۈزۈم يىغقۇچى، دەپ ئىزاھلانغان. «بورلۇق» سۆزى «ئۈزۈملۈك ۋە مېۋىلىك باغ» دەپ، «بورلۇقچى» دېگەن سۆز «باغۋەن» دەپ ئىزاھلانغان. تۇرپان ناھىيىسىدىكى «بويلۇق» دېگەن يەر نامى ئەنە شۇ «بورلۇق» سۆزىدىن كەلگەن. «بورلۇق» سۆزى بىلەن «بويلۇق» سۆزلىرىدە «ر» تاۋۇشى بىلەن «ي» تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغان. «ر» تاۋۇشىنىڭ «ي» تاۋۇشى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشى «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى» دە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۇيرۇق» دېگەن سۆز قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «بۇريۇق» شەكلىدە قوللىنىلىشى بۇنىڭ مىسالى.

13 . بوي — بۇ سۆزگە «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى» دە «رەڭ» دەپ مەنا بەرگەن. مۇشۇ تومۇرغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئا» قوشۇلۇپ «بويا» دېگەن پېئىل ۋە بۇ پېئىلغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ق» قوشۇلۇپ «بوياق» دېگەن ئىسىم ياسالغان.

14 . تاماق — بۇ سۆزگە «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى» دە «بوغاز، كېكىرتەك» دېگەندەك مەنىلەر بېرىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنى يۇقىرىقىدەك مەنىدىن باشقا، يەنە «غىزا» دېگەن مەنىدە قوللانماقتىمىز. بۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى مەنىسى ئەسلى مەنىسى بولسا، كېيىنكى مەنىسى كېڭەيگەن مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «غىزا» كېكىرتەك، بوغاز ئارقىلىق ئاشقازانغا ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى مەنا ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر باغلىنىش بار.

15 . تەر — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (III· 203) «ئىش ھەققى، ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل» دەپ مەنا بېرىلگەن. مۇشۇ «تەر» دېگەن تومۇردىن «تەرچى» («دىۋان» I· 544) دېگەن ئىسىم ياسالغان. بۇ «ئىشلەمچى، كۈنلۈكچى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. «تەر» سۆزىنىڭ يەنە «جاپا - مۇشەققەت» دېگەندەك مەنىلىرىمۇ بار.

16 . تومۇ (ر) چۇق — بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «گۈل غۇنچىسى» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. كېيىن پارس تىلىدىن كىرگەن «غۇنچە» دېگەن

سۆز ئۆزلەشكەندىن كېيىن، «تومۇچۇق» سۆزى ئىستىمالدىن قالغان. ھازىر بۇ ئۆزى كىچىك، چىرايلىق سايرايدىغان، شوخ بىر قۇشقاچنىڭ نامىلا بولۇپ قالغان. مەسىلەن، تومۇچۇقۇم سايرايدۇ، يارىم ئۆيىنغان باغدا، دەپ ئېيتىلغان ناخشىدىكىدەك.

17 . تۇغ — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (III ، 176) «ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ «قاپقىقى، ياپقۇچ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، «تۈڭلۈك تۇغى» (تۈڭلۈك ياپقۇچ) دېگەندەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاق» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان «توغاق» (توۋاق) سۆزى ئەنە شۇ «تۇغ» دېگەن تومۇردىن ياسالغان.

18 . تۈن — ئۇ سۆز «دەسلەپكى، بىرىنچى قېتىمقى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «دىۋان» دا (III ، 188) «تۈن بالا، تۈن قىز» دېگەندەك مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇنجى» دېگەن ياسالما سۆز ئەنە شۇ «تۈن» دېگەن تومۇردىن ياسالغان.

19 . چال — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (III ، 214) «ئالا» دەپ مەنا بېرىلىپ «چال قوي» (ئالاقوي) دېگەن مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمىسىمۇ، لېكىن «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چال قۇيرۇق» دېگەن تەمسىلدە ئەينىسى ساقلانغان. بۇنىڭدىن «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» ياكى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېيىشلەردىكى «چار، چالا» سۆزلىرىنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

20 . دەپسەندە — بۇ سۆزنىڭ دەسلەپكى شەكلى «دەسسە» ئەمەس، «دەپسە» ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز تەركىبىدىكى «پ» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ «دەسسە» شەكلىگە كەلگەن. شۇنداق بولسىمۇ بەزى سۆزلەردە بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، «ئاياق ئاستى قىلماق» دېگەن مەنىدىكى «دەپسەندە قىلماق» دېگەن سۆزگە ئوخشاش.

21 . زور — بۇ سۆز «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچە سۆزلۈگى» دە «كۈچ، قۇۋۋەت» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. پىچان ناھىيىسىدە «چېلىشچى» «زور» دەپ ئاتىلىدۇ. چېلىش كۈچ ۋە پەنت تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «چېلىشچى» نى «زور» دەپ ئاتاش تامامەن ئۇيغۇن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «زور» سۆزىدىن «زورلۇق» (كۈچ ئىشلىتىش)، «زورلىماق» (كۈچ بىلەن مەجبۇرلىماق)، «زورۇقماق» (كۈچەنمەك)، «زورلۇق قىلماق» (كۈچ ئىشلەتمەك) دېگەندەك سۆزلەر ياسالغان.

22 . ساغلىق — بۇ سۆز «دىۋان» دا (I ، 616) «سېغىلىدىغان ھايۋان» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ سۆز «ساغ» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان. بۇ سۆز ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قوينىڭ چىشىسى» دېگەن مەنىدىلا قوللىنىلىدۇ. بىراق، بۇ سۆزنىڭ مەنا دائىرىسى ناھايىتى تارىيىپ كەتكەن.

23 . ساق — بۇ سۆز «ھوشيار، ئېھتىيات» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. مەسىلەن، ساق تۇر (ھوشيار تۇر) دېگەندەك. مۇشۇ تومۇر بىلەن «مۇداپىئە قىل، ئېھتىيات قىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ساقلانماق» دېگەن پېئىل ياسالغان. مەسىلەن، بەزى ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دېگەندەك.

24 . ساغ — «دىۋان» دا (III . 488) بۇ سۆزگە «ماياق» دەپ مەنا بېرىلگەن. مەسىلەن، قۇش ساغى (قۇش مايىقى) دېگەندەك. مۇشۇ تومۇر بىلەن «ساغلادى» (III . 551) دېگەن پېئىل ياسالغان. «ساماندىن ئون كۆشۈك يەپ، ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساغقا» دېگەن قۇرلاردىكى «ساغقا» سۆزىمۇ «ساغ» سۆزىدىن ياسالغان. بۇنىڭدىن باشقا تۇرپان تىلىدىكى «ساغقارا» (چوجە تۇتۇپ يەيدىغان قۇش) دېگەن سۆزمۇ ئەنە شۇ «ساغ» سۆزىدىن ياسالغان.

25 . سوغۇشدى — بۇ سۆز «دىۋان» دا (II . 137) «سوۋۇشتى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئۆد سوغۇشدى (كۈن سوۋۇشقا باشلىدى) دېگەندەك. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «سوغ» (سۈپەت) بولۇپ، بۇنىڭغا «ۇ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «سوغۇ» (پېئىل) ياسالغان. بۇنىڭغا يەنە ياسىغۇچى قوشۇمچە «ق» قوشۇلۇپ «سوغۇق» بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «سوغۇ» پېئىلىدىكى «غ» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ «سوۋۇ» شەكلىگە كەلگەن. مۇشۇ يىلتىز بىلەن «سوۋۇتماق، سوۋۇتقۇچ» دېگەندەك سۆزلەر ياسالغان. ۋاھالەنكى، ئاتۇش خەلقى تىلىدا «سوۋۇماق» سۆزى ھالەن «سوغۇماق» شەكلىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، تامىقىڭ سوغۇپ قالدى، دېگەندەك.

26 . سوگدادى — بۇ سۆز «دىۋان» دا (III . 547) «كەينىگە چۈشتى، ئىزمۇ ئىز قوغلىدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، «ئول ياغىنى سوگدادى» (ئۇ دۈشمەننى ئىزمۇ ئىز قوغلىدى) دېگەندەك. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «سوك» بولۇپ، بۇ «ئارقا، كەينى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئاياقنىڭ سوگىنى دەسسىمە»، «ئۇنىڭ سوگىسى چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ» (گېمىرويى بولۇپ قاپتۇ) دېگەندەك ئورۇنلاردا قوللىنىۋاتىمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «سوگداشماق» دېگەن پېئىل شەكلىمۇ بار.

27 . سۈپرا — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (I . 482) «يېمەكلىكلەرنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان دوستىخان» دەپ مەنا بېرىلگەن. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «دوستىخان» دېگەن مەنا بەرسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خېمىر يايغاندا سېلىنىدىغان پالاز قاتارلىق نەرسىلەر ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. بەزىدە قەدىمكى مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «ئېتى ئۆلۈق، سۈپرىسى قۇرۇق» دېگەندەك.

«سۇپرا» سۆزى تۈركىيە تۈركچىسىدە ئوخشاشلا «دوستىخان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

28 • شاپ — بۇ سۆز «دىۋان» دا (I • 418) «تېز، چاپسان» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ سۆز ئەنە شۇنداق مەنىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا شاپ - شاپ يېگىن (تېز- تېز يېگىن) دەپ قوللىنىمىز. شۇنداقلا بۇ سۆز بىلەن «شاپپىدە» دېگەندەك سۆزنى ياساپ قوللاندۇق. بۇ سۆز ھەرگىزمۇ ئاۋاز ئىملىقى ئەمەس.

29 • قارىم — بۇ سۆز «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ» دە «چۈڭقۇر، خەندەك» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ھازىر پىچان ناھىيىسىدە «زەيكەش» سۆزى «قېرىم» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، «قارىم» سۆزى بىلەن «قېرىم» سۆزى بىر مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىدە مەسىلە يوق.

30 • قاش — بۇ سۆز «دىۋان» دا (III • 208) مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق، قارا رەڭلەردە بولىدۇ»؛ «قاش ئۆگۈز — خوتەن شەھرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى ئۈرۈڭقاش ئۆگۈز — ئۈرۈڭقاش دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى قارا قاش ئۆگۈز — قارا قاش دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ». يۇقىرىقى ئىزاھتىن ھازىر خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق «قارا قاش» (ناھىيە) ۋە «يۇرۇڭقاش» (دەريا) دېگەن نامىلارنىڭ قانداق مەنىدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

31 • قورۇغچى — بۇ سۆز «دىۋان» دا (III • 333) «قورغان ساقلىغۇچى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «قورۇ» بولۇپ، مەنىسى «ئىھاتە، مۇداپىئە» دېگەندىن ئىبارەت. مەسىلەن، «كالا قۇيرۇقى بىلەن ئۆزىنى چىۋىندىن قورۇماقتا» دېگەندەك. «قورۇ» دېگەن تومۇرغا ئىسىم ياسىغۇچى «غ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «قورۇغ» دېگەن ئىسىم ياسالغان. مەسىلەن، باغنىڭ ئەتراپىغا «قورۇغ» (تام) سوقتۇق، دېگەندەك. شۇنداقلا «قورۇ» دېگەن تومۇرغا ئىسىم ياسىغۇچى «غۇچ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «قورۇغۇچ» دېگەن ئىسىم ياسالغان. مەسىلەن، چىۋىن قورۇغۇچ، دېگەندەك. «قورۇ» دېگەن تومۇردىن يەنە «قورغان» دېگەن ئىسىم (بۇ سۆزدە «ۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان) ۋە «قورۇغ» دېگەن ئىسىمدىن «قوغدا» دېگەن پېئىل (بۇ سۆزدە «ر» ۋە «ۇ» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان) ياسالغان. ۋاھالەنكى، «قوغدا» سۆزى قىرغىز تىلىدا «قورۇغدا» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

32 • قۇچ — بۇ سۆز «دىۋان» دا (II • 4) ۋە «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى

سۆزلۈگۈ» دە «قۇچاقلا» دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئۇلۇغ [illegible] قۇچتى (ئۇ مېنى قۇچاقلىدى) دېگەندەك. «قۇچ» سۆزى پېئىل بولۇپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇنىڭغا ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئاق» قوشۇلۇپ «قۇچاق» دېگەن ئىسىم ياسالغان. بۇ ئىسىمغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «لا» قوشۇلۇپ «قۇچاقلا» دېگەن پېئىل ياسالغان. «قۇچ» سۆزى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى شەكىل ۋە مەنىدە قوللىنىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن، زەپەر قۇچماق، دېگەندەك.

33. قىز — بۇ سۆز ئۇچۇن «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ» دە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنا بېرىلگەن: (1) «ئىسسىق، هارارەت». هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ تومۇر بىلەن «قىزىق، قىزغىن» دېگەندەك سۈپەتلەر؛ «قىزىقماق، قىزىقسىنماق» دېگەندەك پېئىللار ياسالغان. (2) «بېخىل، پىخسىق». «قىز» دېگەن تومۇر بىلەن «بېخىللىق قىلماق» دېگەن مەنىدىكى «قىزغانماق» دېگەن پېئىل ياسالغان. «دىۋان» دا (I · 427) «قىز» سۆزىگە ئوخشاشلا «بېخىل» دېگەن مەنا بېرىلىپ «قىز كىشى» (بېخىل ئادەم) دېگەننى مىسال كەلتۈرگەن. (3) ئوغۇل — قىزدىكى قىز. «دىۋان» دا (I · 426) «قىز» سۆزى ئۇچۇن «قىممەت» دېگەن مەنىمۇ بېرىلگەن. مەسىلەن، قىز نەڭ (قىممەت نەرسە): بۇ ئات قىز ئالدىم (بۇ ئاتنى قىممەت ئالدىم) دېگەندەك.

34. قىلىڭ — بۇ سۆزگە «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ» دە «ئالغاي» دەپ مەنا بېرىلگەن. «دىۋان» دا (III · 496) مۇشۇ تومۇردىن ياسالغان «قىڭىر» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىمىز. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزگە «غ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ «قىڭغىر» شەكلىنى ئالغان.

35. قىيىن — بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «جازا، ئىسكەنجە» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى، شۇڭا مۇشۇ تومۇر بىلەن «قىيىنلىق» (قاماقخانا) دېگەن سۆز ياسالغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىينا» دېگەن پېئىل ۋە بۇ پېئىلدىن ياسالغان «قىيناق» دېگەن ئىسىم «قىيىن» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى مەنىسى ئاساسىدا ياسالغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز «جازا، ئىسكەنجە» دېگەن مەنىدە ئەمەس، «تەس» سۆزى بىلەن مەنىداش قىلىنىپ قوللىنىلماقتا.

36. كەنت — بۇ سۆز «دىۋان» دا (I · 448) «شەھەر، قەلئە» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ سۆز ئەسلىدە كەڭ مەنىدىكى سۆز بولسىمۇ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت «يېزا - كەنت» مەنىسىلا بىلدۈرۈپ، مەنا دائىرىسى تارىيىپ كەتكەن.

37. كۆرپە — بۇ سۆز «دىۋان»دا (I · 542) مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن:

(1) «قايتا ئۆسكەن ئوت». مەسىلەن، كۆرپە ئوت، دېگەندەك. (2) «ئىككىنچى پىشىقتىكى يېمىش». مەسىلەن، كۆرپە يېمىش، دېگەندەك. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىدە كۆرپە بولدى» دېگەن جۈملىدىكى «كۆرپە» سۆزى بىلەن يۇقىرىقى «كۆرپە» سۆزى ئەينى مەنىدىدۇر.

38. كۆك — بۇ سۆزنىڭ (1) رەڭنى بىلدۈرىدىغان (كۆك ئاسمان) مەنىسىدىن، (2) ئاسمان (كۆكتە لاچىنلار پەرۋاز قىلماقتا) دېگەن مەنىسىدىن باشقا، يەنە «ئەسلى، تەكتى» («دىۋان» II · 413) دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، كۆكۈڭ كىم (ئەسلىڭ كىم، سەن قايسى ئاتىدىن؟) دېگەندەك. مۇشۇ «كۆك» دېگەن تومۇردىن ياسالغان «كۆكلە» («دىۋان» II ، 364) (راۋاج تاپماق) دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، ئەر كۆكلەدى (ئادەم بېيىدى)؛ يامغۇر بىلەن يەر كۆكۈرەر، دۇئا بىلەن ئەر (كۆكۈرەر)، دېگەندەك. (3) «ئېگىز، ئېگىزلىمەك» دېگەندەك مەنىلەرگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، ئىلەنگۈچنى كۆكلەپ ئۈچ، دېگەندەك. (4) «سەكرىمەك» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، سەن تولا كۆكلىمە (تورپان شىۋىسىدە)؛ كۆكلەپ تىكمەك (تىكىشنىڭ بىر تۈرى) دېگەندەك.

39. كۈلى — بۇ سۆز «دىۋان» دا (III · 322) «ئۈچكىسى بىلەن قورۇتۇلغان ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىقلار» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تارىيىپ، ئۈچكىسى بىلەن قورۇتۇلغان ئۆرۈك بەزى يەردە «قاق» دەپ ئاتالسا، بەزى يەردە «گۈلە» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، «كۈلى» دېگەن سۆزنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچىدىن، شەكلى ئۆزگەرگەن، ئىككىنچىدىن، مەنىسى تارايغان.

40. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوت» سۆزى ئەسلىدە «ئۆرت» («دىۋان» I·59) شەكلىدە ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بۇ سۆزدىن «ئۆرتەندى» («دىۋان» I·333) يەنى كۆيدى، دېگەن پېئىل ياسالغان. تۆپ سۆز «ئۆرت» ئۆزگىرىپ «ئوت» شەكلىگە كېلىپ قالغان بولسىمۇ، بۇ تومۇردىن ياسالغان «ئۆرتەنمەك» دېگەن پېئىلدا ئەسلى شەكلى ساقلىنىپ قالغان.

41. ئوسال — بۇ سۆز «دىۋان» دا (I · 166) «بىپەرۋا» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئوسال كىشى (بىپەرۋا ئادەم) دېگەندەك. لېكىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز «يامان، ناچار» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەنىداش قىلىپ قوللىنىلماقتا.

42. ئۇلاغ — بۇ سۆزگە «دىۋان» دا (I · 165) «بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرىدىغان تېز پوچتىچىنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز قاتناش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولىدىغان ئات، ئېشەك، قېچىر، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمى نامى

سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا. دېمەك، «ئۇلاغ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا [illegible] مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ مەنا دائىرىسى [illegible] ھايىتى كېڭەيگەن.

43. ئۆك — بۇ سۆزگە «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى» دە «رەڭ» دەپ مەنا بېرىلگەن. مۇشۇ تومۇردىن ياسالغان «ئۆكلۈك» سۆزىگە «چەھرە، يۈز» دېگەندەك مەنىلەر بېرىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ «ئۆك» سۆزى ھەم ئىسىم ھەم پېئىل ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆكى كەتمەك (رەڭگى كەتمەك)؛ ئۆكمەك (چىرايى بۇزۇلماق، رەڭگى كەتمەك) دېگەندەك.

44. ئۆگرەندى — («دىۋان» I . 335) «ئۆگەندى». مەسىلەن، ئول بەلىك ئۆگرەندى (ئۇ بىلىم ئۆگەندى) دېگەندەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ «ئۆگەندى» شەكلىگە كەلگەن. لېكىن تۈركىيە تۈركچىسىدە «ئۆگرەنجى» (ئوقۇغۇچى) ۋە «ئۆگرەتمەن» (ئوقۇتقۇچى) دېگەندەك سۆزلەردە «دىۋان» دىكى شەكلى ساقلىنىپ قالغان.

45. ئۆتلىمەك — بۇ سۆز «دەزماللىماق» دېگەن مەنىدىكى سۆز. «دىۋان» دا (I . 231، 260) بۇ سۆزنىڭ تومۇرى سۈپىتىدە «ئۆت، ئۆتتۈ» قاتارلىق شەكىللەر بېرىلگەن. مەسىلەن، ئول باشغ ئۆتتى (ئۇ باشنى ئۆتلىدى)؛ قوي باشى ئۆتۈلدى (قوي بېشى ئۆتلەندى) دېگەندەك. «ئۆتۈ» سۆزىگە «ك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئۆتۈك» سۆزى ياسالغان. «دىۋان» دا (I . 93) بۇ سۆزگە «دەزمال» دېگەن مەنا بېرىلگەن ۋە «ھاندۇۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر. كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ باسىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. «ئۆت، ئۆتۈ، ئۆتۈك» دېگەندەك شەكىللەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولمىسىمۇ، تاتار، قازاق ۋە تۈركىيە خەلقلىرى تىلىدا ئوخشاشلا «دەزمال» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت «ئۆت» سۆزىدىن ياسالغان «ئۆتلە» دېگەن پېئىل شەكىللا بار. بۇ قويقىلانغان كاللا پاقالچاقتا چالا قالغان تۈكلەرنى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن تازىلاش، دېگەن مەنىدىلا قوللىنىلىدۇ.

46. ئۆگىت — بۇ سۆز «دىۋان» دا (I ، 72) «ئۇن تارتىش» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. «دىۋان» دا يەنە بۇ سۆزگە «چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئۆگىتچى» دېگەن سۆز ياسالغان ۋە بۇنىڭغا «ئۇن تارتقۇچى، تۈگمەنچى» دەپ مەنا بەرگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆگۈت» سۆزى پەقەت ئۇن تارتىش ئۈچۈن تازىلاپ تەييارلانغان دان دېگەن مەنىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆگۈت ئەتمەك، دېگەندەك.

47. ياش — سۆزى «دىۋان» دا (III . 2، 218) «كۆكتات، ئوتياش» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، ياش يەدىم (كۆكتات يېدىم) دېگەندەك. «ئەسكى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگى» دە بۇ سۆزگە يەنە «يېڭى ئوت» دېگەندەك مەنىلەرمۇ بېرىلگەن. دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوتياش» سۆزىدىكى «ياش» سۆزى ئوخشاشلا «ئوت» دېگەن مەنىدە.

48. يالىڭ — بۇ سۆزگە «دىۋان»دا (III·509) «يالاڭ، يالىڭاچ» دېگەندەك مەنا بېرىلىپ «يالىڭ قىلىچ» (يالاڭ قىلىچ)، «يالىڭ ئەر» (يالىڭاچ ئادەم) دېگەندەك مىساللار بېرىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يالىڭاچ» سۆزى «يالىڭ» سۆزىگە «ئاچ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان. شۇنداقلا «يالىڭ» سۆزىگە «ئۇز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن «يالىڭئۇز» (يالغۇز) سۆزى ياسالغان.

49. ياي — قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ي» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ز» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنىلا ئەسلىنى ساقلاپ قالغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «ياي» سۆزى «ياز» بولغان بولسىمۇ «ياي» سۆزىدىن ياسالغان «يايلا» دېگەن پېئىل ۋە بۇ پېئىلدىن ياسالغان «يايلاق» دېگەن ئىسىمدا «ي» تاۋۇشى ساقلىنىپ قالغان.

50. يىت — بۇ سۆز «دىۋان» دا (III · 128) «يوقىماق» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئول يارماقنى يىتتۇردى (ئۇ پۇلنى يوقاتتى) دېگەندەك. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «يۈت» شەكلىگە ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، قەلىمىمنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم، دېگەندەك. لېكىن «يىت» سۆزى بىلەن ياسالغان «يىتىم» سۆزىدە «يىت» ئەسلىنى ساقلاپ قالغان.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى:

1. سۆزلەر مەنىسىنىڭ كۆچكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «سۈپرا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «دوستىخان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خېمىر يايغاندا ئاستىغا سېلىنىدىغان پالاز قاتارلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرمەكتە.

2. سۆزلەر مەنىسىنىڭ تارايغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «ساغلىق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۈتى سېغىلىدىغان ھەممە ھايۋانلارنى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت قوينىڭ «چىشىسى» نىلا بىلدۈرمەكتە.

3. سۆز مەنىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «ئۇلاغ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت خاننىڭ بۇيرۇقىنى توشۇغۇچىلارنىڭ مەنزىللەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئاتنىلا بىلدۈرگەن بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مىنىلىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەممە ھايۋانلارنى بىلدۈرمەكتە.

4. ئالاھىدە بىر مەسىلە، ياسالما سۆزلەرگە يۈكلەنگەن لېكسىكىلىق مەنانىڭ توپ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن يىراقلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «قىڭىر» دېگەن ياسالما سۆزنىڭ «قىڭ» دېگەن توپ سۆزنىڭ مەنىسىدىن يىراقلاشمىغانلىقىنى، شۇنداقلا «ئالدا» دېگەن ياسالما پېئىلنىڭ «ئال» دې-

# «ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات غەزىنىسىدىكى نادىر ئەسەر. ئۇ قەدىمكى دەۋرلەردىلا يازما ھالەتكە كىلىپ بولغان. گەرچە «ئوغۇزنامە»-نىڭ ھەجىمى كىچىك بولسىمۇ، ئۇ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ موللىقى، زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە جەريانلار بىلەن باغلانغانلىقى گۈزەللىك قىممىتىنىڭ يوقىرىلىقى، سىم ۋۇللۇق ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئارتۇقلىقى بىلەن باشقا مىللەت خەلق ئېپوسلىرى قاتارىدا تەڭ تورالايدۇ.

«ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىقاتچىلار خىلمۇ خىل قاراشلىرىنى ئەتتۇرىغا قويۇشتى. ئېنگېلس: «يېڭى پاكىتلار كىشلەرنى ئۆتكەنكى پۈتۈن تارىخنى يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى»① دېگەن ئىدى. شۇڭا «ئوغۇزنامە» نى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەسىلە.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئەمگەكنىڭ ئۆزى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تېخىمۇ خىلمۇ خىل تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ ھەر تەرەپلىمە بولۇپ باردى. ئوۋچىلىق ۋە چارىچىلىقتىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىقتىن كېيىن

---

گەن توپ سۆزنىڭ مەنىسىدىن يىراقلاشمىغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

5 . يۇقىرىقى مىساللاردىن يالغۇز سۆز مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىلا ئەمەس، يەنە سۆزلەرنىڭ شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ كۆرمەكتىمىز. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاياق» سۆزىنىڭ قەدىمدە «ئاداق» ئىكەنلىكىنى؛ لېكىن «ئاداقى، ئاداقچە» دېگەن سۆزلەردە يەنىلا ئەسلى ساقلىنىۋاتقانلىقىنى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ياز» سۆزىنىڭ قەدىمدە «ياي» ئىكەنلىكىنى، لېكىن «يايلا، يايلاق» دېگەن سۆزلەردە ئەسلى ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىنى ئوبدان تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يىپ ئىگىرىش، رەخت توقۇش، مەدەن ئېرىتىش، ساپال قاچا ياساش، ۋە دېڭىز قاتنىشى كېلىپ چىقتى. سودا ۋە قول سانائەت بىلەن بىللە ئاخىرىدا ھۈنەر سەنئەت ۋە ئىلىم پەن مەيدانغا كەلدى. قەبىلىلەر تەرەققى قىلىپ مىللەت ۋە دۆلەتكە ئايلاندى. قانۇن ۋە سىياسى تەرەققى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئادەملەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى-دىنمۇ تەرەققى قىلدى»② دېمەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئەينىكى ھېسابلانغان ئەدەبىياتمۇ شۇ تەرەققىيات جەريانىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلغان ئىپتىدائىي ئەدەبىيات كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ھومېرنىڭ، «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» ئېپوسلىرىنىڭ قەدىمكى گرېك جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. بۇلاردىن مورگان ۋە ئېنگېلسلار قەدىمكى جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتا كەڭ پايدىلانغان ئىدى.

بىز «ئوغۇزنامە» نى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلىمىز. ھەمدە ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى ئىزدەشتە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىمىز.

ئېنگېلس: «قورال بولسا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيىتىدىن، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەكس تەسىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ③ دەپ كۆرسەتكەن. ماركسمۇ: «يوق بولۇپ كەتكەن ھايۋان تۈرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ ھايۋانلار گەۋدىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ يوق بولۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيەلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىكتۇر. ئىقتىسادىي دەۋرلەر بىر بىرىدىن نېمىلەر ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن، قانداق ئەمگەك ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن پەرق قىلىدۇ.»④ دېگەن ئىدى. «ئوغۇزنامە» دە ئوقيا، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق قوراللار تەسۋىرلەنگەن. ئوت ئالغۇچ قوراللار ھەققىدە گەپ يوق. ئېنگېلس ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھەققىدە توختالغان چاغدا، جاھالەت دەۋرىگە ئوقيانى، ياۋايىلىق دەۋرىگە قىلىچنى، مەدەنىيلىك دەۋرىگە ئوت ئالغۇچ قوراللارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.⑤ دېمەك ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئىقتىسادىي دەۋرلەرنى ئايرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئوغۇزنامە» نىڭ بېشىدا ئوغۇزنىڭ خام گۆش سورىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىپتىدائىي ئىنسانلار يىراق جاھالەت دەۋرىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا (ئېنگېلسنىڭ.
ئېيتىشىچە جاھالەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئوت ئىختىرا قىلىنغان)⑥ ئوت
ئىختىرا قىلىنىشتىن بۇرۇن گۆشنى خام يەيتتى. بۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ بىخانىمىز
دەۋرىنىڭ بۇرۇن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز يىلقىلارغا
قارايدۇ ئات مىنىدۇ. ئوۋ ئوۋلايدۇ شۇنداقلا چوڭ ئورمانلىقتا ئېقىنلار ياۋايى
ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ئۇچۇشۇپ يۈرىشى تەسۋىرلىنىدۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار
يىغىش، توپلاش مەشغۇلاتىدىن كېيىن ئوۋچىلىق ئەمگىكىنى باشلىغان ھەم ياۋايى
ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقى تەسۋىرلەردىن
ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ چارۋىچىلىق پائالىيىتى بىلەن بىرلە-
شىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋ ئاساسى ئىگىلىكتىن
چارۋىچىلىق ئاساسى ئىگىلىككە ئۆتكەن ئىجتىمائى تەرەققىيات يۈكسىلىشىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» دە قىيات دېگەن بىر ۋەھشى ھايۋاننىڭ خەلققە ئۇزۇن مۇددەت
زىيانكەشلىك قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇنى ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ.
مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن باتۇر ئوغۇز نەيزە بىلەن قىياتنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ
قىلىچ بىلەن بېشىنى كېسىدۇ. قىياتنىڭ ئىچ باغرىنى يەپتۇرغان شۇڭقارنى
ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىدۇ ئوغۇز: «قاراڭ... قىيات بۆغا
يىدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ نەيزەم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى.
شۇڭقار قىياتنى يىدى، ئۇگەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ ئوقيايىم ئاخىرى ئۇنى
ئۆلتۈردى دەپ تەنتەنە قىلىدۇ. مانا بۇلار ناھايىتى ئۇزاقتىچە ۋەھشى ھايۋانلار
تەرىپىدىن سارىسىمغا سېلىنغان ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش
دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ خىل غەلىبىدىن پەخىرلىنىش ئىستىكىنىڭ تۇغۇل-
غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوغۇزخان مال-دۇنياسىنى توشۇش ئۈچۈن قانغا يەنى «ھارۋا» نى ئىختىرا
قىلغان كىشىگە قانغالۇق دەپ ئات قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يىراق
ئۆتمۈشتىلا ھارۋا ئىجاد قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئالتۇنتاغدىكى
6000 - 8000 يىللار بۇرۇنقى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىچىدە ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ
سۈرىتى بولغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا⑦ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇن-
قى 2000 - يىللاردىن باشلاپلا ئالتاي ئەتراپلىرى، يەنسەي دەرياسى ساھىلىرىدە
پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى ھەم بۇ رايونلاردا بۈيۈك قارا سۆك مەدەنىيىتىنى
ياراتقان. قىيا تاش سىزمىلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئۇلار
ئۆز دەۋرىدە ھارۋا ئىجاد قىلغان ئىكەن.

ئامېرىكىلىق ئالىم مېيگاۋنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ھونلاردا ھارۋا ئىشلىتىش ناھايىتى ئومۇملاشقان، دائىم چوڭ ھارۋىلار بىلەن ئۇيانىدىن بۇيانىغا قاتناپ يۈرگەن. بۇنداق ھارۋىلار ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى .بولۇپ قالغان (مېيگاۋنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1958 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)

«ئوغۇزنامە» دە ھارۋىغا قانداق ھايۋان قوشۇلغانلىقى ئېيتىلمىغان. ئات ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرگەن ھايۋان ھېسابلىنىدۇ «بايقال تاغلىرىدىكى بىر سىنتاشقا سىزىلغان رەسىمدە بىرقانچە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇغ قادالغان بىر ياۋىداق ئاتنىڭ سەپ ئالدىدا ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. (بۇنىڭدىن 6000 يىل ئەۋۋەلقى رەسىم)»⑧ ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ھەر خىل يوللار بىلەن سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرى كۆندۈرگەن ئاتلارنىڭ سۈرەتلىرىنى قىيا تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرۇپ قويغان. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى ئىچىدىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدا قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى سۈرەتلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭدا ئاتنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار. «ئالتۇن تاغدىكى قەدىمكى قىيا تاش سۈرەتلىرىنى ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن 6000 - 8000 يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن دېيىش مۇمكىن»⑨ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى پائالىيەت قىلغان موڭغۇل، سىبىر يايلاقلىرى دۇنيادىكى چوڭ يايلاقلار بولۇپ، بۇ يەردە مۇساپە ئۇزۇن، توشۇلىدىغان مال يۈك كۆپ ھارۋىلارغا ئاتتىن باشقا ھايۋانلارنى قوشسا ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقى مۇمكىن ئوغۇزنىڭ دائىم بىر چىپار ئايغىرغا مىنىپ يۈرىدىغانلىقىغا قارىغاندا ۋە ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئىساك ئاسموۋنىڭ ئات ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن⑩ دېگەن قارىشى بويىچە بولغاندا «ئوغۇزنامە» دىكى ھارۋىغا ئات قوشۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى تۇغىرىسىدىكى يوقىرىدا قىلىنغان ئازراق مۇلاھىزىدىن «ئوغۇزنامە» مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «...ھەر بىر دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى رېئال ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەر بىر تارىخىي دەۋردە قانۇن مۇئەسسەلىرى ۋە سىياسى مۇئەسسەلەردىن ھەممە دىنىي، پەلسەپىۋى ھەم باشقا نۇقتىئىنەزەرلەردىن تۈزۈلگەن پۈتۈن ئۈستقۇرۇلمىنى

ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ ئاساس چۈشەندۈرۈشى لازىم. كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىي تەپەككۇرى (ياكى ئىدىيىسى) دىن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا ئېپوسىدىكى ئىپتىدائىي ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنى ئالدى بىلەن دىنىي ئېتىقات مەسىلىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پەرقلىق بولغان دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە تۇتېمغا، قەبىلىچىلىك دەۋرىدە بۆۋىلارغا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان، بۇلار بىر خۇدالىق دىنلارغا ئۆتۈشنىڭ ھارپىسى بولغان «ئوغۇزنامە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېمغا،بۆۋىلارغا، كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ۋە شامان دىنىي ئەقىدىسى خېلىلا كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئېپوستا ئۇيغۇرلار ئىشەنگەن بۇددا، مانى،زورو ئاستېر، نېستورىيان ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېچقانداق تەسىر يوق. شىنجاڭغا بۇددىزم كىرگىنىگە 2000 يىلغا يېقىن بولدى. مانى دىنى مىلادى 763 - يىلدىن باشلاپ موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئارىسىغا تارقالغان. باشقا دىنلار ئومۇمەن مىلاددىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلغان «ئوغۇزنامە» XIII ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يۇقىرىقى سۈنئىي دىنلارنىڭ تەسىرى سىڭمىگەن. ھەر قانداق مىللەت.... ياكى كۆپ ياكى ئاز ھالدا سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ۋە باشقا مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ دېمەك «ئوغۇزنامە» گە بۇ دىنلارنىڭ تەسىرى بولماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى ھامان ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيە بولغان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى، كۆپ ھاللاردا دىنىي چۈشەنچىلەر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئەدەبىيات ئۇنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل بولۇپ قالغان.

«ئوغۇزنامە» نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتە قىلغان چېغىمىزدا، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئېپوستا ئوغۇزخاننىڭ ئوڭ (شەرق) تەرىپىدە ئالتۇن خانلىق، سول (غەرپ) تەرىپىدە ئۇرۇم خانلىق جايلاشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئالتۇن سېرىق بولۇپ ئۇنى قىزغۇچ ياكى قىزىلغا مايىل دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، قەدىمكى ئىنسانلار ئالتۇننى قىزىل رەڭ كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ قارىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۈرۈڭ سۆزى ئۈرۈڭى، ئۇلۇغ ئۈرۈڭى دېگەندەك ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىش بىلەن بىرگە «قارا بودۇن» (قارا خەلق) سۆزىنىڭ قارشىسى سۈپىتىدە «ئۈرۈڭ بەگ» (ئاق بەگ) سۆزى ئىشلىتىلگەن. تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى

«ئۆرۈك» دېگەن سۆزنى ئاق دەپ ئىزاھلىغان.⑪ بۇ «ئۆرۈك» دېگەن سۆز «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۆرۈم» دېگەن سۆز بىلەن بىر دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. «ۋەيىنامە»، «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» دېگەن كىتابلاردا، ئۇيغۇرلار «قەدىمكى قىزىل دى لارنىڭ نەسلىدىن ئىدى» دەپ بىردەك قەيت قىلىنغان. قىزىل دى لارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا «ئوكيانۇس» (كىچىكلىتىلگەن نۇسخا) 1951 - بەتتىن مۇنۇلارنى ئۇچرىتىمىز: «قىزىل دى، قەدىمكى قەۋم نامى، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى دى لارنىڭ بىر قىسمى،... ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىزىل چاپان كىيىدىغان بولغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان ئىكەن.» دى لار ھەققىدە يەنە شۇ كىتابنىڭ 819 - بېتىدە مۇنداق يېزىلغان. «دى، قەدىمكى قەۋم نامى... مىلادىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرلەردە قىزىل دى، ئاق دى، ئېگىز دى دېگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن.» 1759 - بەتتە بولسا «ئاق دى» لارنى چۈشەندۈرۈپ ئاق چاپان كىيىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان دېيىلگەن. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇزۇن دىلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ئانچە كۆپ خاتىرلەنمىگەن، ئەمما قىزىل دى ۋە ئاق دىلارغا ئائىت مەزمۇنلار خېلى كۆپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات ساقلانغان. بىز «ئوغۇزنامە» دىكى ئۆرۈم خانلىقنى «ئاق دى» لار، ئالتۇن خانلىقنى «قىزىل دى» لار دەپ پەرەز قىلىمىز. كۆك تۈركلەر دەۋرى (552 - 744) دە «ئاق تۈرك» دېگەن قەۋمنىڭ بولغانلىقى بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەشكە خېلى زور ياردىمى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى نىمە ئۈچۈن قەدىمكى دەۋردە ئاق ۋە قىزىل رەڭتىن پەرقلىق چاپان كىيىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۆتمۈشتە كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاسمانغا چوقۇنغاندا ئۇنىڭدا ھامان بىر كونكرېت نەرسە مەۋجۇت دەپ قارىغان، بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان كۈن ۋە ئاي ئىدى. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىملىق تەسىر قىلىپ تۇراتتى. كۈن يېڭى چىققاندا قىزغۇچ ياكى قىزىل كۆرىنىدۇ، كۈنگە چوقۇنىدىغان قەبىلەر قىزىل چاپان كىيىپ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن، ئاي يېڭى كۆرۈنگەندە ئاقۇش ياكى ئاققا مايىل بولۇپ، ئايغا چوقۇنىدىغان قەبىلىلەر ئاق چاپان كىيىپ ئايغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى تۇرمۇشىدىمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئەرلەر قىش قىزىل چاپان (تون) كىيىشەتتى، ئاياللار، ئەرلەر ئاپپاق پەرەنجە، پەشمەتلەرنى كىيىۋالاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئارتىسلار سەھنىگە چىققاندا يەنىلا قىزىل تون، ئاق يەكتەك كىيىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كۈن، ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ھەققىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا چەت ئەل مەنبەلىرىدىن خېلى كۆپ مەلۇماتلار تېپىشقا بولىدۇ.

بولۇپمۇ «ئوغۇزنامە» دىن بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز. «ئوغۇزنامە»نىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخان تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيداننىڭ تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئىككى خادا بېكىتىپ، ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇ كۈن، ئايغا قىلىنغان ھۆرمەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى. ئالتۇن توخۇنى كۈننىڭ، كۈمۈش توخۇنى ئاينىڭ سىمۋولى دېيىش مۇمكىن. «تېبرخىن مەڭگۈ تېشى» (753؟)دىكى «ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا ‹ئۆزلىرىنىڭ› كۈچلىرىنى بېرۇر» دېگەن جۈملىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن ۋە ئاينىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى ۋە «ئوغۇزنامە» دىكى ئۇرۇم خانلىقىنىڭ غەربكە، ئالتۇن خانلىقىنىڭ شەرققە جايلىشىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بىر قاتار تارىخىي پاكىتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق دى، قىزىل دى دەپ بۆلۈنىشى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII، VIII ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق مەسىلە دەپ ئېيتالايمىز.

«ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزنىڭ ھەربىي يۈرۈشى مەسىلىسى ئۆزۈندىن بويان «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىدا ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى.

ھاجى ئاتلاس «سىبىر تارىخى» دېگەن ئەسىردە ئوغۇزخاننى 3·400 يىل ئىلگىرى ياشىغان دەيدۇ⑫ ئابدۇكېرىم راخمان بەزى پاكىتلارغا ئاساسەن: «‹ئوغۇزخان قىسسىسى› تارىخىي ۋەقە سۈپىتىدە مىلادىيىدىن 1·500 يىللار ئىلگىرىكى ئارىيان ۋە ساكلارنىڭ جەنۇبىي سىبىر دالىسىدىن مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئارقىلىق جەنۇپقا قاراپ سۈرۈلىشى ۋە قارا تەنلىكلەر بولغان دارىيانلار (ھىندىستاننىڭ كونا، يەرلىك خەلقى) ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كۆچىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ چۈشىنىمىز.» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.⑬ بىز ئوغۇزنىڭ ئاساسىي يۈرۈشى سېرىق دەريا (خۇاڭخې دەرياسى) نىڭ* شىمالىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ يېنسەي دەرياسى، ئېتىل (ۋولگا) دەرياسى ساھىلىگە يۆتكىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمىز.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا سوۋېت ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن شۇنى ئىسپاتلاپ چىققانكى، قەدىمكى دەۋرلەردە ئەنقارا دەرياسى ساھىلىدىن تارتىپ يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلىلىرى تارقىلىپ ياشىغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ يىن،شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066-يىلغىچە) ۋە جۇ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066-يىلدىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 771-يىلغىچە) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللى-

رىدە جۇڭگودىن كېچىكىپ بارغانلار بولۇپ، جەنۇبىي سىبىرىيەنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان «قارا سۆك» تىپىدىكى مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار جۇڭگونىڭ يىلنامىلىرىدا «دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، جەنۇبىي سىبىرىيە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە قىلغان.[14] سوۋېت ئالىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تارماق دىڭلىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ: قەدىمكى دىڭلىڭلار ئەسلىدە ئورال-ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدىكى كەڭ رايونلاردا تارقىلىپ ياشىغان، دېگەننى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان، ئالتاي ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشىغان دېگەن مۇجمەل قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى[15].

دىڭلىڭلار نېمە ئۈچۈن خۋاڭخې دەرياسى ساھىلىدىن يېنسەي، ئورال ئەتراپلىرىغا كۆچكەن، بۇنىڭ «ئوغۇزنامە» دە ئىپادىسى كۆرۈلگەنمۇ؟

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دىڭلىڭلار جۇڭگونىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە گۈيفاڭ دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلەنگەن،[16] ئۇلار ئۇ ۋاقىتتا خېلىلا كۈچلۈك قەۋم ھېسابلانغان. شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى گۈيفاڭلار بىلەن كۆپ چاغلاردا خوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزلەتكەن. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار، ياۋايىلار، بولاڭ-تالاڭ قىلىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىجادىي ئەمگەككە قارىغاندا ئوڭاي ۋە شەرەپلىك ئىش. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەردىن ئۆچ ئېلىش ياكى ئۆزىگە يېتىشمەيۋاتقان زېمىننى كېڭەيتىش ئۈچۈنلا بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى پەقەت بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇرۇش ئۇلارنىڭ دائىملىق كەسپىگە ئايلىنىپ قالغان.»[17] ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرى بىزگە قەدىمكى خەلقلەر ئارىسىدا دوستلۇقنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە، ئۆچ-ئاداۋەتنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شاڭ، جۇ قۇلدارلىق ئىمپېرىيىسى گۈيفاڭلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توساش ئۈچۈن كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراق بولغىنى ئۈچ قېتىم[18] «كېيىنكى خەننامە، غەربىي چىياڭلار تەزكىرىسى» دە «ۋۇدىڭ (شاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزوڭ خانى) غەربىي چىياڭ، گۈيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۈچ يىلدا ئاران مەغلۇپ قىلغان» دېيىلگەن. شاڭ، جۇ دەۋرلىرىدە گۈيفاڭلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل سەۋەبلەر، ئاساسەن باشقىلار بىلەن چىقىشالماسلىقلار تۈپەيلىدىن شىمالغا ۋە يېنسەي-ئورال تەرەپلەرگە سۈرۈلگەن[19]. ئەمما خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھىللىرىدا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆچى يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن.

بۇلارنى بىز جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يازما ھۆججەتلەردىن دەلىللەيمىز. جەنۇبىي دەۋردە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۇيفاڭلارنى «دى» دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلىگەن. «بەگلىكلەر تەزكىرىسى، جىڭ بەگلىكى تارىخى» (国语郑语) دا جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلدىن، 771 - يىلغىچە) غا قوشنا بەگلىكلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان «دى» قەۋمىنىڭ سەككىز تائىپىسى قۇرغان سەككىز بەگلىكنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان، بۇ بەگلىكلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «جەنۇب تەرىپىدە جىڭ، مەن، جىن، لۇ، يىڭ، دىڭ، جېن، سەي، سۈي، تاڭ قاتارلىق بەگلىكلەر؛ شىمالىي تەرىپىگە ۋېي، يەن، دى، شەنيۈ، لۇ، چۈەن، تۇ، پۇ قاتارلىق بەگلىكلەر، غەرب، تەرىپىگە يۇ، گو، چىن، گۈي، خۇ، ياڭ، ۋېي، رۈي قاتارلىق بەگلىكلەر، شەرق تەرىپىگە چى، لۇ، ساۋ، سوڭ، تېڭ، شۆ، زو، جۇ قاتارلىق بەگلىكلەر جايلاشقان»، «بۇلارنىڭ ئىچىدە دى قەۋملىرى قۇرغان بەگلىكلەردىن دى، شەنيۈ، لۇ، چۈەن، تۇ پۇ، گۈي قاتارلىقلار ۋە باشقا دىلار بار». ⑳ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى خۋاشىيا قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار «شىمالىي دى» دەپمۇ ئاتالغان. «سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن قارىغاندا، چۈنچيۇ - جەنگو دەۋرلىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 722 - 221 - يىللار) شىمالىي دى لار ئاللا بۇرۇن سىنىپسىز جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى ئورۇنلاپ بولغان». ㉑ دى قەۋملىرى جەنگو دەۋرىدە جۇڭشەن بەگلىكى دېگەن بەگلىكنى قۇرغان بولۇپ، بۇ دىلار تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭشەن بەگلىكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 323 - يىللىرى بىر قىسىم بەگلىكلەر بىلەن خانلىق دەپ تەن ئېلىنىپ 30 يىل مەۋجۇت بولغان. بۇ خانلىقنىڭ ئورنى بۈگۈنكى خېبېي تەۋەسىدە بولۇپ، جىڭدىڭنى مەركەز قىلغان، چېگرىسى شەرقتە خېڭشۈيگىچە، جەنۇبتا بۈگۈنكى يۈەنشىگىچە، غەربتە بۈگۈنكى جىڭشىڭگىچە، شىمالدا بۈگۈنكى باۋدىڭغىچە بارغان. («ئوكيانۇس» «مىللەتلەر قىسمى»، 86 - بەت) دېمەك، ئالتۇن خانلىق بىلەن، ئورۇم خانلىقىنىڭ خانلىق سۈپىتىدە «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلىنىشىنىڭ يوقىرىقىدەك رېئال ئاساسى بار.

ئوغۇزخان شەرقتىكى ئالتۇن خاقانلىقىغا خەت ئېۋەتىپ، ئۇنىڭ خاقانىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى ئۆتۈندى، ئالتۇن خاقانلىق بويسۇندى. سول تەرەپتە ئورۇم خاقانلىق بولۇپ، ئۇ ئوغۇزنىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقاننىڭ غەزىۋى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ رەسمىي ھەربىي يۈرۈشى باشلىنىدۇ. ئوغۇز ئورۇم خاقانلىق بىلەن ئېتىل دېگەن دەريانىڭ قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا تۇنجى قېتىم قاتتىق ئۇرۇشىدۇ، مانا مۇشۇ يەردىكى «ئېتىل دەرياسى» يېنىسەي، ئورال تەرەپلەردىكى دۇنيادا ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئېتىل دەرياسىنى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ. بىز شۇلارنى پەرەز قىلىمىزكى، شاڭ، جۇ، دەۋرىدە شىمال، يېنىسەي - ئورال تەرەپلەرگە يۆتكەلگەن دىڭلىلار -

نىڭ باشلامچىلىرى ئۆرۈك (ئاق) دى (دىڭلىڭ) لار بولۇپ، ئوغۇز مانا مۇشۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقتىن زور قوشۇن بىلەن شۇلار ياشاپ تۇرغان ئىتىل بويلىرىغا يۈرۈش قىلغان.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن بۇرۇن ھەر خىل نامدا ئاتالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، دى، دىڭلىڭ، گويفاڭ، تېلى، ئېگىز ھارۋىلىقلار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ناملىرى ئىدى. مەشھۇر ئالىم ۋاڭ گوۋېي بۇ ئەھۋاللارغا ئىزاھات بېرىپ، ئۇلار «دەۋرگە ئەگىشىپ پەرقلىق ئاتالغان» دەيدۇ. (ۋاڭ گوۋېي: «گۈيفاڭ خۇنيى، شيەنيۈنلەر ھەققىدە تەتقىقات» قا قارالسۇن).

«ئوغۇزنامە» دە دىۋە - پەرى، ھۆرى - غىلمان، قۇيۇن، جىن - ئالۋاستى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى كۆرۈلمەيدۇ. بۇلار ئىران، ئەرەپ ۋە شۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر قەدەر كېيىنكى دەۋرلەردە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلارمۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ ھەققەتەن يىراق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ئاز تولا گۇۋاھچى بولار!

دېمەك، «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن، ئۇ خەلقلەر تارىخىنى پوزىتىپ جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەۋرى - جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەرنى (ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك.» ㉒ ماكسىم گوركى «فولكلور ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تارىختىن ھېچ ئارقىدا قالماي ئۆزىچە ئەگىشىپ كەلمەكتە» ㉓ دەيدۇ. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا «ئوغۇزنامە» نىڭمۇ تارىخقا ھەمرا بولۇپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلانمىسىقا بولمايدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، «ئوغۇزنامە» مىلادى 13 - ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بارلىققا كېلىپ شۇ دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇنى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## ئىزاھلار

① ئېنگېلس: «دىيۈرىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 - بەت.
② ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 301 - 302 بەتلەر.
③ ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 - بەت.
④ ماركس: «كاپىتال» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 1 - كىتاپ 291 - بەت.
⑤ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 34 - بەت.
⑥ ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 . بەت.
⑦ ئابدۇقېيۇم خوجا: «ئالتۇنتاغدىكى قىياتاش سۈرەتلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(8) ئىبراھىم مۇتىئى: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلار توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 1985 - يىل 3 - سان، 14 - بەت.

(9) ئابدۇقەييۇم خوجا: «ئالتۇنتاغدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

(10) ئىسلام ئاسىمۇۋ «قاتناش ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ، «بىلىم كۈچ» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە 1983 - يىل 5 - سان

(11) «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 181 - بەت.

(12) (13) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئوغۇزخان ۋە ئوغۇز ئېپوپېيىسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1981 - يىلى، 3 - سان، 115 - بېتىگە قارالسۇن.

(14) جىشىرىلوپ: «سوۋېت تارىخ ئىلمى ۋە تارىخ ئوقۇتۇشى» 1953 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 80 - 81 - بەتلەر. (چىڭ سولۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىغا كەلتۈرگەن نەقىل «غەربىي رايون تارىخ مەجمۇئەسى»، بىرىنچى قىسىم، 5 - بەت).

(15) چىڭ سولۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات» «غەربىي رايون تارىخ مەجمۇئەسى»، ‹بىرىنچى قىسىم› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 5 - 6 - بەتلەرگە قارالسۇن.

(16) دۇەن لىيەن چىن: «خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن شاڭ، جۇ دەۋرىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى، 3 - سانىغا قارالسۇن.

(17) «ئائىلە. خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 283 - بەت.

(18) دۇەنلىيەن چىن: «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» 6 - بەتكە قارالسۇن.

(19) دۇەنلىيەن چىن: «مەملىكىتىمىزدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئەسلى ماكانى ۋە ئۇلارنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشى» «شىبېي داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1979 - يىل 4 - سان 84 - بەت.

(20) لېي سوڭ يۈن. ياڭ ياڭ «ھونلارنىڭ كېلىپ چىقىش جايى ئوردوس يايلىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «ئىچكى موڭغۇل سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىلى، 3 - سانىغا قاراڭ.

(21) يۇقىرىدىقى ماقالىغا قارالسۇن.

(22) ماركس: «‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى› گە ‹رەددىيە›» گە قارالسۇن.

(23) م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم 456 - 457 - بەتلەر.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرى ۋاستىلار توغرىسىدا

تۇرسۇن مەھەممەت ساۋۇت

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بىر ساھە. پەيلاسوپ لاپارگ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «خەلق روھىنىڭ ھەقىقى ۋە تەبىئىي ھالدىكى ئىپادىلىنىشى، خەلقنىڭ سىرداش دوستى، خەلق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ قايغۇ-ھەسرەت، ئارزۇ-ئارمان، دەرت-ئەلەم ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئۇ يەنە خەلقنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ خاتىرىسى» ① دەيدۇ.

مەلۇمكى، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەزمۇنى مۇئەييەن بىر شەكىل ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى-مەزمۇنىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى ياكى تاشقى ماددىي كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە تىل، ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلار، قاپىيە، ۋەزىن قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بولۇپ، بۇلار بولمايدىكەن ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ.

تەسۋىرىي ۋاستىلار دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولغان بىر خىل سەنئەت ۋاستىسى. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەيئى ئورتاقلىققا ئىگە بولغاندىن سىرت خاسلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ. خاسلىق ئىچىدە ئورتاقلىق، ئورتاقلىق ئىچىدە خاسلىق بولىدۇ. ئەگەر شەيئىلەردە ئورتاقلىقلا بولۇپ، خاسلىق بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا شەيئىلەرنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. شۇڭا ئورتاقلىق ۋە خاسلىققا ئىگە بولغان شەيئىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەسۋىرى ۋاستىلاردىمۇ ئورتاقلىق بولغاندىن باشقا خاسلىقمۇ بولىدۇ. بۇ خىل تەسۋىرى ۋاستىلار مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش

① لاپارگ «تويى قوشاقلىرى ۋە قائىدە-يوسۇن توغرىسىدا»، «ئەدەبىي ماقالىلار توپلىمى» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1979-يىل خەنزۇچە نەشرى 8-9-بەت.

ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، تەسۋىرىي ئوبيېكتلارنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا روشەن بىر مىللىي ئالاھىدىلىك سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا تەسۋىرىي ۋاستىلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۇنى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باغلاپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار كۆچمەنچىلىك ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاشقا باشلىغان ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، گۈزەل مىللىي مۇھىت ياراتقان. مانا شۇ مۇھىتتا ئەجداتلىرىمىز ئۆزىگە خاس مەنىۋى گۈزەللىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭدىكى ئوخشۇتۇش، سىموۋول قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلار خەلق ئەدەبىياتىنى مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق، بەدىئىي قۇرۇلۇشىنىڭ نەپىس ۋە نازۇك، تەسىر كۈچى يۇقىرى، مىللىي پۇرىقى قويۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىدى.

ماركس: «دىن دۇنياسى پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر»① دىسە، ئېنگېلس: «بارلىق دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر كاللىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، مۇنداق ئىنكاستا بۇ ئالەمدىكى كۈچلەر بۇ ئالەمدىن تاشقىرقى كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ.»② دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان دىن ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا تامغىسىنى بېسىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيلاسوپ ھەردەر «دىن شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى» دېگەن ئىدى. دىن بىلەن سەنئەت ئۇزاق تارىخ جەريانلاردا بىرلىكتە يارىتىلغان ۋە بىرلىكتە تەرەققىي قىلغان «قانداشلار» ۋە «قوشماق ئاداشلار» ئىدى. شۇڭا ئۇ، گوركىنىڭ «خەلق ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنى ساقلاشنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى بىلەن ياشاپ، قورقۇق قوللىرى بىلەن تەبىئەتكە قارشى كۈرىشىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ۋەھىمە قىلىپ، ھەيران بولۇپ، خوشال بولۇپ يۈرۈپ ئاخىر دىنىنى ئىجاد قىلدى. دىن خەلقنىڭ پوئېزىيەسى ئىدى»③ دېگەن پىكرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىمىز، كۆپىنچە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پەيدا بولغان دىن بولۇپ، ئۇ كېيىنكى سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران

---

① ماركس - ئېنگېلس «دىن توغرىسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى 1960 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 109 - بەت

② ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 608 - بەت.

③ گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم، 376 - بەت.

ئورۇندا تۇرغان ساماۋى دىنلاردىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك قەدىمكى دىنلار شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ماددى ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشى، ۋاھاكازالار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، مۇقەررەر ھالدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايدۇ. «بارلىق ئەدەبىيات تىل ۋە سەنئەتكە دائىر پائالىيەتلەرنىڭ كەينىدە دىنىي مەقسەتلەر بار ئىدى. بۇلار ۋەيران بولغان ئىبادەتخانىلاردا قەدىمكى دەۋرنىڭ ھۆججەتلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان......»①.

دۇنياغا مەشھۇر مىسىر ئېھراملىرى بىلەن يۇنان ھەيكەللىرى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەفىس نامايەندىسى سۈپىتىدە «دۇنياۋى سەنئەت ئارخىپلىرى» دەپ نام ئالغان دۇڭخۇاڭ ئاسارە-ئەتىقىلىرى بىلەن كۇچار، باي، تۇرپان قاتارلىق 13 ئورۇندىكى 700 دىن ئارتۇق بېزەكلىك، گۈللۈك كېمىرلەردىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەسىم ۋە نەقىشلەر ئورتا ئاسىيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىڭلىغان مەسچىت، جامەلەرنىڭ گۈمبەزلىرى، نەقىشلىرى ئەنە شۇ دىننى ئارقا تېرەك قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار تۇتېمىزىمدىن كېيىن شامانىزىمغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىن ئاساسەن تەبىئەتكە چوقۇنۇشنى تېما قىلغان. ئۇنىڭدا: «تەڭرى ئاتىنى كۆك (ئاسمان) تىن، ئانىنى يەردىن ياراتقان» دېگەن كۆز قاراش ئاساسلىق ئورۇن تۇتقان. شۇڭا بۇ دىنغا ئىشەنگۈچىلەر، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، گۈلدۈرماما، شامال، تاغ، دەريا، سۇ، ئوت، دەرەخ قاتارلىق تەبىئەت جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلەتتى. بۇ جىسىملارنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈشتىكى باش پاناھى، چۈشەنگىلى، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرى، دەپ قارايتتى (ئىپتىدائى دىنمۇ شۇنداق قارايدۇ). شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلاردا تەبىئەتنىڭ سېھرى كۈچىگە ئىشىنىش كۆز قارشى پەيدا بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاقاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ باللىرىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ ئىسىم قويغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. روشەنكى بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئىپتىدائى دىن ۋە شامان دىنى ئېتىقادىدىكى تەبىئەت جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇنى ساددا ماتېرىيالىزملىق قاراش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئېپوسنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئىپتىدائى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئۆرپە-ئادەتلەرمۇ تەسۋىرلەنگەن، ئىپتىدائى دىنلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ

① كارتىس: «جۇڭگودا مەتبەئەنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى»

ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، ئاق، چىنار، قىزىل گۈل، يۇلتۇز، ئاي قاتارلىقلارنىڭ سىمۋوللۇق ئوبراز ۋە ئەنئەنىۋى ئوخشىتىش ئۇسۇلى بولۇپ قېلىشتىكى سەۋەپلەرمۇ ئەنە شۇ ئىپتىدائى دىنلارنىڭ تەسىرى دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تەسۋىرىي ۋاستىلار (ئوخشىتىش، سىمۋول، ئۇستىدە دەسلەپكى قارىشىمنى قويۇپ ئۆتىمەن.

## I . ئوخشىتىشلار

ئوخشىتىش - ئىككى شەيئىنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى گەۋدىلەندۈردىغان، بىر خىل بەدىئىي ۋاستە. ئۇ كىتابخانلارغا مەلۇم بىر شەيئىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى تېخىمۇ روشەن، جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شۇ نەرسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىتىشلار ناھايىتى يارقىن ۋە جانلىق بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن، قىسسە، داستان، ئېپوس، چۆچەك، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ، ئىش ھەرىكەتلىرىنى كونكرېت، جانلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئوخشىتىشلار ئاممىباپ ئوبرازلىق سۆزلەرنى ئۆزىگە توپلىغان بولۇپ، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي كۈچىنى جۇملىدىن ئىستېتىك كۈچىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارغا بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ ۋە بەلگىلىك تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەلقىمىز ئارىسىدا ھەممە سۆيىدىغان سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئوخشىتىشلاردا روشەن مىللىي تۈس بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، گۈزەللىك قاراشلىرى، تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر سىڭگەن. مەسىلەن:

« ... ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۇنچىدەك ئىدى، ئۇ شۇنداق ساھىب جامال قىز ئىدىكى، يەر جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ئاھ، ئاھ، جاننى ئالىدىكەن دەرلەر ئىدى».

(«ئوغۇزنامە» دىن)

چىشلىرى دۈرۈ سەدەپتەك،
پىكىرى كەڭ ئالەم كېزەر.
كىمكى كۆرسە ئاھ ئۇرۇپ،
ئىشقى ئوتىدا جان بېرەر.

(«چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىن)

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
(«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى») دىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىتىشلار بىر خىل ئىزچىللىق ۋە ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك تارىخى ۋە ئىجتىمائى ئاساسى بار.

ئادەم كۆزىنىڭ بولاققا ئوخشىتىلىشى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئادەم كۆزىنى بۇلاققا ئوخشىتىپ سۈرەتلەشتەك بىر خىل ئەنئەنىۋى ئوخشىتىش ئۇسۇلى بار. مەسىلەن:

كۆز يېشىم بولدى بۇلاق،
ئۈزىدۇ ئۆردەك يوغاق① («تۆركى تىللار دىۋانى») دىن
ئالتۇنمىكەن بويلىرى،
كۈمۈشمىكەن بويلىرى.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى.
(«بۇلاق» 81 - يىللىق 1 - سانىدىن)

يۇقىرىقى قوشاقتىن، كۆزنىڭ بۇلاققا ئوخشۇتۇلۇپ سۈرەتلىنىشىنىڭ ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆز نىمە ئۈچۈن بۇلاققا ئوخشۇتۇپ سۈرەتلىنىدۇ؟ بۇلاق چۆگۈلمەچ بولۇپ شەكىل جەھەتتە كۆز بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە، ھەر ئىككىلىسى يۇمۇلاق كېلىدۇ. بۇلاقنىڭ سۈيى بۇلدۇق - بۇلدۇق قىلىپ ئۆرلەپ چىقىدۇ. بۇ بىر نەرسىگە قارىغاندا مۆل - مۆل قىلىپ تىكىلىپ تۇرىدىغان كۆز ئالمىسى بىلەن شەكىل جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئالدىغا ئىنتىلىپ ئوقچۇپ تۇرىدۇ. بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان كىچىك بۇلاقلار ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ كۆزىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىغىمىز كېلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى كۆز بىلەن سۇ جانلىق مەۋجۇداتلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم نەرسە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ئاساسلىنىپ، دۇنيانىڭ يارىلىشى ۋە سۇنىڭ

④ يوغاق — سۇدا يۈرىدىغان بىر خىل قۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاياتلىقتىكى مۇھىملىقنى ئىلمىي ھالدا تونۇپ يەتكەن ئىدى. خەلقىمىز سۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلۇغلاپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. سۇ شامان ئېتىقادىدا مۇقەددەس سانىلىپ ئۇلۇغلىنىدىغان تەبىئەت ئىلاھلىرى ئىدى. شۇڭا «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاقاننىڭ سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى بىلەن نىكاللىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلىغا «دېڭىز» دەپ ئات قويغانلىقى سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭدەك خەلقىمىز ئارىسىدا يەنە، سۇ ئۈزۈپ يۈرۈپ چۈش كۆرسە شۇ ئادەمنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ. دېگەندەك خىيالى تەبىرلەر، ھالال ھايۋانلاردىن كالا، قوي، ئات، ئۆچكە قاتارلىقلار قىش ۋاقىتلىرىدا دەريالارغا چۆكۈپ كېتىپ، مۇز ئېرىگەندىن كېيىن تېپىلىپ قالسا، ئۇنى قايتا پىچاق سۈرۈپ ئىستېمال قىلىش ھالال بولىدۇ دەيدىغان ئادەتلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن قەھرىمان ۋە خاقانلار ئۆزلىرىنى سۇ ئىلاھىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ ھېسابلاپ ئۆز ئىسمىنىڭ بېشىغا «كۆل» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاشقان ئىدى. مەسىلەن: توققۇز ئۇيغۇرلار خاقانىنىڭ «كۆل ئەركىن» دەپ ئاتىلىشى، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر نەچچە قاغانلىرىنىڭ «ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان»، «كۆل بىلگە قاغان»، «كۆل تېگىن» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان پان تېگىننىڭ، خانلىققا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى «بىلگە كۆل قادىرخان» دەپ ئاتىلىشى، يەنە بەزىلەرنىڭ «كۆل تارقان» دېيىلىشى. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ بەزى كىشى ئىسىم ۋە تەخەللۇسلىرىنىڭ «دەريا» «بۇلاق»، «باغراش» ۋە «سايرام» بولۇشى، ھەتتا XX - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسىنىڭ «بۇلاق»، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئورگان ژۇرنىلىنىڭ «تارىم»، غۇلجىنىڭ «ئىلى دەرياسى»، بەزى يەر جايلارنىڭ «يېتىم بۇلاق»، «ئويمان بۇلاق»، «يان بۇلاق»، «بايىنبۇلاق»، «مارجان بۇلاق»، «قىزىلسۇ»، «ئاقسۇ»، «توقسۇ» «يەتتىسۇ»، «ئونسۇ»، «يامان سۇ» دەپ ئاتىلىشى (بۇلار گەرچە تەقلىدى ئىسىملار بولسىمۇ) بۇلاق ئاساسىدىكى سۇنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنىڭ كىشى ئىسمى، تەخەللۇسلىرىدا، ھەر خىل مەجمۇئەلەر، يەر - جايلارنىڭ ناملىرىدا، ئۇلۇغلىنىشىنىڭ كونكرېت جانلىق ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەم يۈزىنىڭ ئايغا ئوخشىتىلىشى: ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئادەم يۈزىنى تولاراق ئايغا ئوخشىتىپ سۈرەتلەشتەك بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بار. مەسىلەن:

ئىشىك ئاچتىم تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.

قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.
(«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 2 - كىتابتىن)

ئايكەن دىسەم ئاي خېجىل،
ئاي يۈزىڭنىڭ ئالدىدا.
يۇلتۇز دىسەم كۆزۈڭنى،
يۇلتۇز مۆكتى دالدىغا.
(«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» دىن)

ئەقلى ھۇشۇم كەتتى شۇتاپ،
ئاي يۈزىڭنى سېغىنىپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
ئاھۇ كۆزىڭنى سېغىنىپ.
(«ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى» دىن)

بولۇپمۇ ئۆز مەشۇغىنى ئايغا ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقات ۋە تەبىئەت، گۈزەللىك توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شامان، مانى دىنى ئەقىدىسىدە ئاي مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلىنىدىغان بىر خىل تەبىئەت جىسمى ئىدى. يەنە بەزى قەدىمكى خاتىرىلەردە: «ھون تەڭرىقۇتى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئەتىگەندە يېڭى چىققان كۈنگە، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ. ئايغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ»① دەپ كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە ئايغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بىر خىل دىنىي ئېتىقادىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئاي ئۆزىنىڭ ئاپئاق نۇرلىرى بىلەن زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، كىشىلەرگە روھى جەھەتتىن بىر خىل ئازادىلىق، خاتىرجەملىكنى تەقدىم قىلىدۇ. كىشىلەر سۈتتەك ئايدىڭدا ئۆز - ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى، كۆڭۈل ئېچىشنى، يول يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاينى ئۆزلىرىگە بەخت ئاتا قىلغۇچى، قاراڭغۇلۇقنى قوغلىۋېتىپ بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىق، خوشاللىق بېغىشلىغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخان بىر ئوغلىغا «ئاي» دەپ ئىسىم قويغانلىقى يېزىلغان. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان (ئاي تەڭرىدىن بەختلىك بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك بىلگە خاقان) دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ مەلۇم تارىخى ئاساسى

① «خەنىنامە، ھونلار تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

بار. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنىلا مۇقەددەس ھېسابلانغان. ئىسلام ئەللىرىدە جامە، مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەزلىرى ئۈستىدە يېرىم ئاي شەكلى مۇسۇلمانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ بېكىتىلگەن. پاكىستان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بايراقلىرىدىمۇ يېرىم ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاينى مۇقەددەس بىلىش چۈشەنچىسىنى ئۆرپ-ئادەت ۋە بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر-جاي ناملىرىدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئايگۈل، ئايجامال، ئاينۇر، ئايخان، ئايپاشا، ئايتوختىخان ... ئايتوغراق، ئايكۆل، ئايدىڭكۆل ... ۋاھاكازالار.

ئادەم يۈزىنىڭ ئالمىغا ئوخشىتىلىشى: ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا يار، دوست، سۆيۈملۈك كىشى ياكى مەھبۇبىنىڭ يۈزىنى ئالمىغا ئوخشىتىپ سۈرەتلەشتەك بىر خىل ئەنئەنىۋى ئوخشىتىش ئۇسۇلىمۇ بار. مەسىلەن:

ئاق تونۇڭنى نىمە كەيدىڭ،
زەيتۇنە تونۇڭ تۇرۇپ.
بۇ مەلىگە نىمە كەلدىڭ،
ئالمىدەك يارىڭ تۇرۇپ.

(«ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى» دىن)

باغراش تېغى ئاستىدا،
خويمۇ بوپتۇ ئالمىلار.
ئالمىدەك يايرى تۇرۇپ،
يامانىنى سۆيگەن لالمىلار.

(«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 2 - كىتابتىن)

شۇنىڭدەك ئالما، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرىدىغان ئەتىۋارلىق سوغىتى قىلىپمۇ تەسۋىرلەنگەن. خەلق چۆچەكلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدا ئالما بەك ئۇلۇغلىنىدۇ. شېخىدا قىزىرىپ پىشقان رەڭگا-رەڭ ئالمىلار، ھەر قانداق كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. ئالمىنىڭ سامقلىنىپ قىزارغان پوستى بىلەن قىزلارنىڭ قىزىل يۈزىنىڭ قىسمەنلىك تەرىپىدىن ئوخشاشلىقى بار دېيىشكە بولىدۇ. ۋايىغا يەتكەن قىزلار خۇددى شېخىدا قىزىرىپ پىشقان ئالمىلاردەك، كىشىلەرنى ئۇ ئايلا مەپتۇن قىلالىدۇ. كۆپلىگەن ياشلار مانا مۇشۇ ئالمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ. خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئالمىنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇپ ئەنئەنىۋى ئوخشىتىش ئۇسۇلى بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەپ، دەل ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېپتىدائىي

دەۋرلەردىكى باغۋەنچىلىك ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەيدانغا كەلگەن، ماد-
دىنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدىكى گۈزەللىك قارىشىدىن ئىبارەت.

ھازىرغىچە جەنۇبى شىنجاڭنىڭ بەزى يېزا-قىشلاقلىرىدىكى ئىنتايىن ئاز سان-
لىق كىشىلەردە خوراپىي ئۇسۇل بىلەن كېسەل كىشىنى داپ چېلىپ پىرى ئوينۇتۇپ
داۋالاش ئادىتى بار. پىرىخونلار تۇغ باغلايدۇ، بۇ تۇغنىڭ تۈۋرۈكىگە يېقىن بىر
جايغا، بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويىلىدۇ ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن دەپ
ئالما پوستى ياكى ئالما قېقىنى ئوتقا سېلىپ ئىس چىقىرىلىدۇ. يەنە بەزىلەر
قەۋرىنىڭ بېشىغا ئالما نوتىسىنى خاسىيەتلىك نەرسە سۈپىتىدە سانجىپ قويىدۇ.
بۇ ئادەتتە شۇ كىشىنىڭ ۋاپات ئەتكۈچىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ
ئالەملىك ھاياتىغا بولغان ئۈمىدىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلار گەرچە دىنى خوراپىي ئادەتلەر بولسىمۇ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار-
نىڭ باغۋەنچىلىك ۋە دەرەخلەرگە بولغان ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى شەھەرلەر-
نىڭ «ئالمۇتا»، «ئالمىلىق» (ئىلى) دەپ ئاتىلىشى، بەزى ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ
«ئالمىخان» دەپ ئاتىلىشىمۇ ئالمىنى ئۇلۇغلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## II سىمۋوللار

سىمۋول ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان تەسۋىرى
ۋاستىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆرەتلىنىدىغان ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ نامى
ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ياكى بىۋاستە ئاتالماي، بەلكى شۇ ئادەم ياكى شەيئى بىلەن
زىچ مۇناسىۋىتى ۋە بەلگىلىك ئوخشاشلىق تەرەپى بولغان، باشقا نەرسىلەرنىڭ
ئىسمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سىمۋول كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ۋەقە، ھادى-
سىلەرنى ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئۆز مەنىسىدە تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى باشقا نەرسىلەر-
نىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يوشۇرۇن سۆرەتلەپ بېرىدىغان بىر خىل تەسۋىرى ۋاستى-
دىن ئىبارەت.

سىمۋول بىر مىللەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، ئېستېتىك قاراشلىرى،
تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى، ئۆزىگە خاس ئۆرپ-
ئادىتى ۋە باشقىلارغا ئاساسلىنىپ تاللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىللىي پۇرىقى
كۈچلۈك بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆز مۇھىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بىرەر چوڭ مۆجى-
زىنى ياكى ئۆز ئانا تۇپرىقىنى بېزەپ تۇرغان، تەبىئەت جىسىملىرىنى ئۇلۇغلاپ،
ئۆزىگە سىمۋوللۇق ئوبراز قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: نىل دەرياسى
بىلەن ئېھراملار مىسىرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى، خۇجيامۇ تېغى بىلەن نورۇز گۈلى
ياپونىيىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى، خۇاڭخې بىلەن سەددىچىن جۇڭگونىڭ سىمۋول-

لۇق ئوبرازى، بۇ خىل سىمۋوللۇق ئىپادىلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا خىيالىي [illegible]
ۋە جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى روشەن [illegible]
ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىدا تۈرلۈك سىمۋولىستىك
ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن.
بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى مەلۇم نۇقتىدىن سىمۋوللۇق ئەدەبى-
يات دېيىلسە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ
مۇتلەق كۆپچىلىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان، سىمۋوللۇق ۋاستىلار ئارقىلىق
ئىپادىلەنگەن (بۇ ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدا، داستانلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ).

قىزىل گۈل ـ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەركىن مۇھەببەتنىڭ، سۆيۈم-
لۈك مەشۇقىنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ سىمۋولى. مەسىلەن:

لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتتۈم،
كونا بىر تۇلۇم بىلەن.
مەن گۈلۈمدىن ئايرىلدىم،
ئازابلىق زۇلۇم بىلەن.

(«قىزىل گۈلۈم» داستانىدىن)

بەزى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە قىزىل گۈل ئالاھىدە مەدھىيلەن-
گەن، شۇنداقلا ئۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىھوش كۆڭلىنى ئېچىشىنىڭ بىردىن ـ بىر
شىپالىق دورىسى تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىدى-
كى ئاغچا ئانىنىڭ قىزىل گۈلدىن گۈلدەستە تېرىپ سەنەمجاننىڭ بىھوش كۆڭلى-
نى ئېچىشى... شۇنداقلا باشقا داستانلاردىكى، يار ئىشقىغا مۇپتىلا بولۇپ قالغان
شاھزادە، مەلىكىلەرنىڭ بىھوش كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتاپ رەڭگا ـ رەڭ
گۈللەر بىلەن ئورالغان مەخسۇس چارباغ ياسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ چارباغدا
سەيلە، تاماشە قىلدىپ ئۆز كۆڭلىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشى، شۇنداق-
لا يەنە پادىشاھلارنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل مەلىكىسىگە ئاشىق ۋە بىقارار بولۇپ،
ئۆزىنىڭ پادىشاھقا كۈيوغۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن قانچىلىغان شاھزادى-
لەرگە، چارباغ ياساش شەرتىنى قويۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا
ۋەدە بېرىشى قاتارلىقلار بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكنى
سېزىش ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمان بولۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئېتىقادىنىڭ، خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرىي ۋاستىلاردا روشەن ھالدىكى گەۋدىلىنىشى. بۇ، ھا-
زىرقى زامان تىبابەت ئىلمىنىڭ يەكۈنىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ: باھارگۈل، ئايىمگۈل، گۈلىستان، پاتە-

گۈل، چىمەنگۈل، لەيلىگۈل،... قاتارلىق ئىسىملىرىدىكى «گۈل» لەر ھەتتا بەزەن ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭمۇ ئابدىگۈل بولۇشى، كىشىلەرنىڭ چېكىسىگە قىزىل گۈل تاقاش، گۈل تەقدىم قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر ۋە بەزى جايلارنىڭ گۈللۈك، گۈلباغ، گۈل ئاۋات دەپ ئاتىلىشى دەل قىزىل گۈلنىڭ كىشى ئىسىملىرىدە يەر - جايلارنىڭ ناملىرىدا ئۇلۇغلىنىشىنىڭ جانلىق ئىپادىلىرىدۇر...

ئاق رەڭ - ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بەخت، ياخشىلىق، ئوڭۇشلۇق ۋە خەلققە بەخت ئاتا قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامان ۋە مانى دىنى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاق نەرسىلەرگە، مەسىلەن: قار، ئاپتاپ، ئاق چېچەك، سۈت ۋە باشقىلارغا بىر خىل سېغىنىش ئادىتى بولۇپ، ئۇلارنى بەخت - سائادەت، ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئېتنوگرافىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان قارلىق ئويۇنى - مانا بۇ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنىڭ مىسالى. ئۇيغۇرلار سۈتنى تولىمۇ ئۇلۇغلايدۇ. «سۈت تۆكۈلسە دەسسىلىپ يامان بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن سۈتنىڭ ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ئۈچۈن بىر خىل ئوزۇقلۇق ئىكەنلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامان دىنىدىكى ئاقنى ئۇلۇغلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى بۇرۇنلا يورۇقلۇقنى سىمۋول قىلىپ تام تورۇسلىرىنى ئاقارتىدىغان. چېدىرلارنى ئاق كىگىزدىن ياسايدىغان، ئاق دوپپا - ئاق كىيىم كىيىدىغان ئادەتلەر ئەۋج ئالغان. ئۇيغۇرلار شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ تۇرغان تەڭرى تېغىنى «ئاق تاغ» دەپمۇ ئاتىغان. كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ قىشمۇ ياز ئاقمۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسلىنىپ «تەڭرى تاغلىرى» «تەڭرى ئاتا» دەپمۇ ئاتاشقان. بەزى رايونلاردا بىر قىسىم ئەر - ئاياللارغا ئاقنىياز، ئاپپاق، گۈل ئاپپاق، مەريەم ئاپپاق، ئاق ئاپپاق دېگەندەك ئىسىملارنىڭ قويۇلۇشى، ئاتا ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى «ئاپئاق قىزىم» ئاپئاق جېنىم «ئاپئاق بالام» ۋە «ئاپئاق قوزام» دەپ ئەركىلىتىشى، چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارنى بەزەن يەرلەردە «ئاق دادام» «ئاق ئانام»، «ئاق ئاپام» دەپ ئاتىشى. كىشىلەرنىڭ ياز ۋاقىتلىرىدا ئاق چاپان، ئاق شاپاق دوپپا كىيىشى، ياشانغان ئاياللارنىڭ ئاق سارىغۇشنى ئارتىشى، قىش ۋاقىتلىرىدا ئاق تۇماق كىيىشى، «ئاق نىيەت»، «ئاق كۆڭۈل»، «ئاق يوللۇق بولسۇن» «ئاق يول تىلەيمەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىشى ئەنە شۇ ئاقنى ئۇلۇغلاش، سېغىنىشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

يۇلتۇز، چولپان — بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بەختنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. يۇلتۇزنىڭ سىمۋوللۇق ئوبراز بولۇشىدىكى سەۋەبىنى شامانىزمنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ، چوقۇنىلىدىغان تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۆزلىرىگە بەخت كەلتۈرگۈچى دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سىمۋول قىلىپ ئىپادىلىگەن. خەلقىمىز ئارىسىدا ھېلىھەم ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاسماندا بىردىن يۇلتۇزى بار، ئادەم ئۆلسە، يۇلتۇزىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، دەيدىغان قاراش بولغاچقا، بەزى كىشىلەر كېچىدە بىرەر يۇلتۇزنىڭ ساقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە دەرھال «ۋاي چىشىم، ۋاي بېشىم، مېنىڭ يۇلتۇزۇم ئاسماندا» دەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادلىرىدىمۇ يۇلتۇزنى ئۇلۇغلاش بار.

بەزى ئايالالارئىسمىنىڭ ئەختەرنىسا، زۆھرە، چولپان، يۇلتۇز دەپ ئاتىلىشى، قىسمەن جايلارنىڭ يۇلتۇز، دا يۇلتۇز، شاۋ يۇلتۇز دەپ نام قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يۇلتۇزنى سېغىنىش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ كىشى ئىسىملىرى، يەر جايلار ناملىرىدىكى، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇلۇغلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇڭقار: بۇ خەلق داستانلىرى، چۆچەكلەر، مەسەللەردە تەسۋىرلەنگەن ئىجابىي قەھرىماننىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى. مەسىلەن:

سىيىت ئاخۇن سىيىت گاڭگۈك،
جېنىدىن جۇدا بولدى.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ،
شۇڭقارى ئادا بولدى.

(«سىيىت نوچى» داستانىدىن)

شامان دىنىدا شۇڭقارىغا چوقۇنۇش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ شۇڭقارغا چوقۇنۇپ ئۇنى تۇتېم قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئادەتلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىنى ئادەم بەدىنىگە، ساپال، ياغاچ، مېتالدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملارغىچە چۈشۈرۈپ تەقلىت قىلىپ ياساش ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئىچكى موڭغۇلدىكى ئاروسىتىدىن تېپىلغان ھون يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، قارچۇغا ھەيكەللىك ئالتۇن تاج بولۇپ، تاجنىڭ ئۈستىگە بىر دانە قارچۇغانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانلىرى ئۆزىگە شۇڭقار دەپ ئىسىم قويغان.

چىنار — بۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىجابىي قەھرىماننىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى. مەسىلەن:

يەتتە پاي ئوق تەككەندە،
ئىگىز چىنار يىقىلدى.
ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ،
كۆكتە چاقماق چېقىلدى.

(«سىيىت نوچى» داستانىدىن)

دەرەخكە چوقۇنۇش تۆتېمىزم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يۇەن دەۋرىدە ئورنۇتۇلغان «ئىدىقۇت (قوچۇ) خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا ئۇيغۇر خاقانى بۆكۈ خاقاننىڭ دەرەختىن تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، خەلقنى يەر، سۇلۇق ئېتىز - ئېرىقلىق قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئەپسانىلىق رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. دەرەخنى ئۇلۇغلاشنىڭ قالدۇغى ھېلىمۇ مەۋجۇت.

دېمەك — ئاتا بوۋىلىرىمىز توتېمىزمنىڭ ئېتىقات ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولغان دەرەخكە چوقۇنغانلىقى، شۇنداقلا چىنارنىڭ قاتتىق، چىدامىلىق خۇسۇسىيىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى قىلغان.

قالغاچ — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاساسەن دوستلۇقنىڭ، مېھرىۋانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن، خەلقنىڭ ئىپتىدائىي مىفولوگىك چۈشەنچىلىرىدە قالغاچ ئىنسانلارنى بالا - قازادىن قۇتقازغۇچى جانىۋار دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ.

«قالغاچ ھېكايىسى» دا تەسۋىرلىنىشىچە، نوھ پەيغەمبەر چۈشكەن كېمىنىڭ ئاستىنى چاشقان تېشىۋېتىپتۇ. كېمىدىكىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قاپتۇ. يىلان ئىنسانلارنى بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ ۋە خىزمەت ھەققىگە دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆشتىن تېپىپ كېلىشلىرىنى شەرت قىپتۇ، يىلان دەرھال سۇغا شۇڭغۇپ كېمىنىڭ چاشقان تەشكەن تۆشۈكىنى ئىزدەپ تېپىپ ئېتىۋاپتۇ، ئەڭ تاتلىق گۆشنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن پاشا، ئۆزىگە يولۇققان قالغاچقا، «ئادەم گۆشى پۈتۈن گۆشلەر ئىچىدە ھەم تاتلىق ھەم شېرىن ئىكەن» دەپ ئېيتىپتۇ، قالغاچ بۇنى ئاڭلاپ پاشىنىڭ تىلىنى چىشلەپ گاچا قىلىپ قويۇپتۇ - دە ئۆزى يىلانغا: ئەڭ تاتلىق گۆش قۇرباقا (سۇپاقىسى) نىڭ گۆشى ئىكەن» دەپ يەتكۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ قالغاچ ئىنسان بالىسىنى يىلانغا يەم بولۇشتىن ساقلاپ قالغان ئىكەن. بۇ ھېكايە ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا «قالغاچ بىلەن پاشا» دېگەن نامدا چۆچەك بولۇپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. «قالغاچ بىلەن يىڭنىغۇچ»، «پاشا نېمە ئۈچۈن غىڭشىيدۇ؟» قاتارلىق چۆچەكلەردىمۇ ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق قىلىپ بەرگەن قالغاچ ناھايىتى ئۇلۇغلىنىپ تەسۋىرلەنگەن. خەلقىمىز قالغاچنى ھازىرمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ. «قالغاچنى ئۆلتۈرسە ناھايىتى يامان بولىدۇ»، «قالغاچنى تۇتسا قول تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەپ، ئۇنىڭغا ھەرگىز زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. «قايسى ئۆيگە قالغاچ ئۇۋىلىسا شۇ ئۆي بەختلىك بولىدۇ»، «يىلان يىللىق ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە قالغاچ ئۇۋىلىمايدۇ. يىلان بار ئۆيلەرگە قىلغاچ كىرمەيدۇ» دېيىدىغان قاراشلار ھازىرمۇ بار. خەلق قوشاقلىرىدا ئۆز يارىنىڭ قېشىنى قالغاچنىڭ قانىتىغا ئوخشىتىپ سۈرەتلەش، بەزى جايلارنىڭ نامىنى «قالغاچ»، بەزى ئاياللارنىڭ ئىسمىنى «قالغاچخان» دەپ ئاتاش يۇقىرىقى چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يۇقىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بۇلبۇل، سۇمۇرۇق، ھۇقۇش، ھۆپۈپ، كاككۇك، ئەجدىرھا، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ... قاتارلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بەزى تەسۋىرى ۋاستىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان تۈرلۈك قاراش ۋە چۈشەنچىلىرى، خىلمۇ خىل ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقادلىرى، ئېستېتىك قاراشلىرى، مىللىي مۇھىتتا يارالغان مەنىۋىي خۇسۇسىيەت، مىللىي پىسخىكىسى ۋە تۈرلۈك ئەپسانىۋىي چۈشەنچىلىرى ۋە باشقىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا خىلمۇ خىل تەسۋىرى ئوبيېكتلارنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەينى دەۋرلەردىكى بەزىبىر رېئاللىق ۋە قىسمەن غايىۋىلىكنىڭ ئىنكاس دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسۋىرىي ۋاستىلارنى چۈشىنىشتە ئۇنى چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى تاللىۋېلىپ، ئىجابىي يوسۇندا پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

---

(بېشى 132 - بەتتە)

850 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تېجەپ بەرگەن. ئېلىمىز يەر تەۋرىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە كۈزىتىش خىزمەتچىلىرى كۇتۇپخانىدا ساقلانغان قەدىمكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، 8 مىڭ خىل ماتېرىيال ئىچىدىن 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارىخىي ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقىپ، مىلادىدىن ئىلگىرى 1117 - يىلىدىن 1965 - يىلىغا قەدەر بولغان 8100 قېتىمدىن ئارتۇق يەر تەۋرىشىنى خاتىرىلىگەن. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئېلىمىزنىڭ يەر تەۋرەش رايونلىرىنى ئايرىش، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەر قانداق بىر مەكتەپ ئۆز تارمىقىدىكى كۇتۇپخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇش، ئۇنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەلگۈسىدە چېتى يوق، چوڭقۇرلۇقتا تەكتى يوق، بىلىم دېڭىزى بولغان كۇتۇپخانىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۇتۇپخانىنى پەن - تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ 2 مەدەنىيەت بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم،

# چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر

ئابدۇرىشىت ئىسلامى

ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت دۇنياسىغا ئالدىن قەدەم باسقان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇكەممەل يېزىقى ۋە جاھانغا تونۇلغان مەدەنىيىتى بار خەلق ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقى ئۆز ۋاقتىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا مەلۇم تەسىر ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇڭا مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق ئالىم پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار، شائىر - ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىپ، زور دەرىجىدە ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى ياراتقان. جۈملىدىن ئىسلامىيەت تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە تارالغاندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بۇ ئەللەر مىللىي مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ بىر - بىرىنى ئالغا سۈردى. شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشقان ئالىملاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئادالەت، ساداقەت، ۋاپادارلىق بەرپا قىلىش، خەلقنى باياشات، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئاتاقلىق «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ، قارا بۇغرا ھەسەن خانغا تەقدىم قىلغان. يەنە شۇ ئەسىردە ئۇلۇغ ئالىم تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)نى يېزىپ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل - ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتىنى بايان قىلدى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي جىددىي ۋەقەلەر تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تىلىدا ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا «چاغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ شەكىللىنىشىگە زور ئىجتىمائىي ئاساس يارىتىلدى.

www.Uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەنە شۇنداق تارىخىي دەۋر شارائىتىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى پەيدىن - پەي كېڭىيىشكە باشلىدى. بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر قاتارىدىن يەنە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ: «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەتلەر تۆھپىسى») ناملىق دىداكتىك ئەسىرى، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرى دىۋانى، ئوغۇزنامە، چىستانى ئىلىك بەگ قاتارلىق ئەسەرلەر دۇنياغا كەلدى.

مىلادى XIII ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاچىلىق ھەربى يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىدا جىددى ئۆزگىرىش ۋە كەسكىن جانلىنىش يۈز بەردى. ئۇيغۇر تىلى - ئەدەبىياتى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش، تەرەققى قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، كەڭ ئىپادىلىكى ۋە تەلەپپۇزدا راۋان - يېنىكلىكى بىلەن تېز تەسىر كۆرسەتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى نوپۇز قازىنىپ دۆلەت تىلى قىلىپ قوبۇل قىلىندى. ئەنە شۇ سەۋەپلىك ئۇيغۇر تىلى «چاغاتاي دۆلەت تىلى» دەپ ئاتىلىپ «چاغاتاي تىلى» دەپ قوللىنىلىشقا باشلىدى.

مىلادى X - XV ئەسىرلەر پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرى بولۇپ، پارسلاردا يېتىشكەن فىردەۋسى، سالمان ساۋچى، سەئىدى، رۇدەكى، ھاپىز شىرازى قاتارلىق ئەدىبلەر بار ئىدى. ئۇيغۇرلاردا بولسا، بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ سەككاكى، ئۇبەيدۇللا لۇتفى، ئەلشىر ناۋايى، سۇھەيلى، مەجدىددىن قەشقىرى، ئالائىددىن خوتەنى، ئابدۇللا ئىبنى، مۇھەممەد قەشقىرى، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى جامال ئاقسارايى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار ۋە ئەدىبلەر - شائىرلار دۇنياغا كېلىپ ئاجايىپ نادىر - شاھ ئەسەر ۋە شېئىرى دىۋانلىرىنى جاھانغا نامايىش قىلدى. XV ئەسىرگە كەلگەندە ناۋايى شېئىر - ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ بايراقدارى بولۇپ ئۆزىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن باشلانغان ئۇيغۇر تىلى — (چاغاتاي ئەدەبىياتى) زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر تىلى - ئەدەبىياتىغا ئەنئەنىۋى ۋارىس بولۇپ يېتىشكەن ئەدىبلەر ۋە شائىرلار تۈرلۈك تېمىدىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تارىخى تىزىملىكىنى ئۆرنەك سۈپىتىدە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن.

1 - ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت تۈزىلىشى توغرىسىدىكى ئىلمى نەزەرىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» داستانى.

2 - ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تىلشۇناسلىق دەستۇرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» (تۈرك تىللىرىنىڭ توپلىمى).

3 - ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىۋانى.

4 - ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەتى».

5 - ئۇلۇغ ئالىم، شائىر ئۇبەيدۇللا لۇتفىنىڭ «دىۋانى»

6 - ئەبۇياقۇپ يۇسۇپ سەككاكىنىڭ «تىل - ئەدەبىيات دەستۇرى» «مىفتا ھۇلئۇلۇم»ى (ئىلىم - پەنلەر ئاچقۇچى).

7 - بۈيۈك ئالىم، ئەدىب - شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرى:

1) «مۇناجات بەدەرگاھى قازىيەلھاجات»ى

2) ھەدىسى ئەربە ئىن — (قىرىق ھەدىس نەزىم تەرجىمىسى).

3) نەزمۇلجەۋاھىر — (گەۋھەرلەر تىزىقلىرى).

4) سىراجۇلمۇسلىمىن — (مۇسۇلمانلار چىرىقى).

5) نەسائىمۇلمۇھەببەت — مىن شەمائىمۇلفۇتۇۋۋەت — (لۇتۇف مەرھەمەت خىسلەتلىرىدىن مۇھەببەت خۇشپۇراقلىرى)

6) لىسانۇتتەير — (قۇش تىلى)

7) ھەيرەتۇلئەبرار — (ياخشى كىشىلەر ئۈچۈن ھەيرانلىق).

8) فەرھاد ۋە شىرىن داستانى.

9) مەجنۇن ۋە لەيلى داستانى.

10) سەبئە سەييارە — (7 پىلانېت).

11) سەددى ئىسكەندەرى — (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىستىھكامى)

12) خۇتبەئى دەۋادىن — (ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ كىرىش سۆزلىرى توپلىمى)

13) غەرائىبۇسسىغەر — (ياشلىق - ئۆسمۈرلۈكنىڭ ئاجايىپ چاغلىرى ھەققىدىكى شېئىرلىرى توپلىمى).

14) نەۋادىرۇششەباب — (يىگىتلىك دەۋرىنىڭ تېپىلماس — نادىرلىقى ھەققىدىكى شېئىرلىرى توپلىمى).

15) بەدائىئۇلۋەسەت — (ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىنىڭ گۈزەللىكلىرى ھەققىدىكى شېئىرلىرى توپلىمى).

16) پەۋائىدۇلكىبەر — (ئادەمنىڭ قېرىغان چاغلىرىدىكى پايدىلىق ئىشلىرى ھەققىدىكى شېئىرلىرى توپلىمى) (بۇ تۆت ئەسەر بىرىكتۈرۈلۈپ «چاھار دىۋان» تۈزۈلگەن.

17) مىزانۇلئەۋزان — (شېئىرىيەتتە ئەرۇزۋەزنى ئۆلچىمى).

18) مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن — (ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ پارس تىلىدىن يۇقىرى ۋە ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە).

19) خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن — (ھەيران بولغانلار ھەققىدە خەمسە).

20) مەجالسۇننەفائىس — (قىممەتلىك يىغىلىشلار - ناۋائىي زامانداشلىرىدىن 333 ئالىم، ئەدىب، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، ھاياتى سەرگۈزەشتىلىرى).

21) تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكىما — (پەيغەمبەرلەر ۋە ئالىملار، پەيلاسوپلار تارىخى).

www.uyghurkitap.com

22) تارىخى مۇلۇكى ئەجەم — (غەيرى ئەرەپ پادىشالىقلىرى تارىخى).

23) ۋەقفىيە — (ناۋايى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان دىنى ۋە ئىلمى خەيرىيە مۇئەسسەلەرگە بېغىشلىغان يەر - زېمىن، ئىقتىسادى مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش تەۋلىيە ۋەقفە نامىسى).

24) ھالاتى پەھلىۋانى مۇھەممەد ئەبۇسەئىد ۋە ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردىشىر.

25) مەنشەئاتى تۈركى — (تۈركى تىلىدىكى ئىنشالار).

26) قىسسەئى شەيخ سەنئان.

27) مۇفرىدات دەرفەننى مۇئەمما — (تېپىشماق ئىلمىدىكى يەككە مىسال - ئۇسۇللار ھەققىدە).

28) مەھبۇبۇلقۇلۇب — (قەلبلەرنىڭ سۆيۈملىكى) — (ئىجتىمائىي ئادەملەر گۇرۇھى ۋە تۈرلۈك تەبىقەنىڭ ئىدېئولوگىيە - دۇنيا قاراشلىرى ۋە ماھىيىتى ھەققىدە).

29) مەخزە نۇلئەسرار — (تەسەۋۋۇف - تەرىقەت ئەھلىنىڭ ھالەتلىرى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە — سىرلىق غەزنە).

30) دىۋانى تۈركى — (ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى)

31) قەسىدەئى جالالىيە — (تەڭرىنىڭ بۈيۈكلىكى ھەققىدە قەسىدە)

32) قەسىدە تۇھپەتۇلئەفكار — (تەپەككۇرلار تۆھپىسى).

33) نەزمۇلجەۋاھىر — (گەۋھەر - ئىنجۇلار تىلى).

34) نەۋادىرۇننەھايە — (ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى تېپىلماس چاغلىرى).

35) بەدائىئۇلبەدا يەئى — (گۈزەللەرنىڭ گۈزەللى).

يۇقىرىدىكى ئەسەرلەر پەقەت ناۋايى دەۋرىگىچە بولغان يادىكارلىقلار ۋە ناۋايى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا چىققان ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ناھايىتى زور كۆپچىلىكىنىڭ ئەسەرلىرى فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز قارىلىپ، ئىزسىز يوقالغان ۋە بىر قانچىلىرى غەيرەتلىك خەتتاتلار تەرىپىدىن نۇسخە - يادىكار قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، نەشرىياتچىلىق ۋە مەتبۇئاتچىلىق يوقلىقىدىن يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت زامانىمىزغا قەدەر نامىلىرى ۋە ئەسەرلىرى ساقلانغان ئەدىب، شائىرلاردىن مىلادى XVII - XVIII ئەسىرلەر داۋامىدا ياشىغانلىرى ئەمىر ھۈسەيىن «مەبۇرى» قەشقەرى، ئۇنىڭ ئەسىرىدىن «ماقالات»، ئابدۇرەھىم «نىزارى» ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «خەمسە داستانى» ۋە دىداكتىك ئەسەرى دەھرۇننەجات (ئازات زامان)، نوزور ئاخۇن كاتىپ «زىيائى» ۋە ئۇنىڭ شېئىر دىۋانى، تۇردۇش ئاخۇن «غېرىبى» ئۇنىڭ ئەسەرى «كىتابى غېرىپ»، مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «زۇبدە تۇلماسائىل»، «تەزكىرەئى ئەزىزان» (خوجىلار تارىخى) ۋە تارىخى تەبە-

رىنىڭ تەرجىمىسى، خوتەنلىك شائىر مەھزۇن ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانى مەھزۇن»، خوتەنلىك شائىر ئىبنى يۈسۈف موللا بىلال ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇش تىلى»، يەركەنلىك شائىر زەلىلى ۋە ئۇنىڭ غەزەلىياتى دىۋانى ۋە قەلەندەر قەشقىرى ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانى قەلەندەر»، ئىلىلىق شائىر موللا بىلال نازىم ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «غازات دەر مۈلكى چىن» (چىن مەملىكىتىدىكى ئۇرۇش)، XVIII ئەسىردىكى «سالاھى» قەشقىرى ۋە ئەسىرى «گۈل ۋە بۇلبۇل» XIX ئەسىردە ياشىغان موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «تارىخى ئەمنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدى» لىرى، يەركەنلىك ئالىم ۋە ئەدىب مەۋلانا رەھمى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانى رەھمى»، «تەرجىمەئى سىيەر تۈركى» ۋە شېئىرلىرى دىۋانى، گۇمنام ۋە ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى، خوتەنلىك شائىر موللا نىياز ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «تەزكىرەئى تۆت ئىمام نەبىھۇللا» قاغىلىقلىق بۈيۈك ئالىم ۋە شائىر ھۈسەيىن تەجەللى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبتى مۇجەللى»، «دىۋانچە تەجەللى» لىرى خەلقىمىز ئىچىدە تەۋەررۈك - ئابىدە قىلىنىپ قەدىرلەپ ساقلىنىپ قالغان.

دەرۋەقە، بۇ ماقالىدا كۆرسىتىلگەنلەر ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە يېتىشكەن ۋە ئەسىردىن ئەسىرگە بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلگەن ئەدىب — شائىرلارنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس بەلكى پەقەت ئەسەرلىرى ساقلىنىپ، بىزگە يېتىپ كەلگەنلەردىنلا ئىبارەت. بۇ ھال مۇندىن كېيىن داۋاملىق ھالدا ئىزدىنىپ، ئالىملىرىمىز ۋە ئەدىب - شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تېپىپ تەتقىق قىلىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈش - تۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# چىڭغىز ئايتماتوۋ ئىككى تىللىق بولۇشنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدىكى رولىنى نامايەن قىلدى

چېن شۆ شۈن

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىرغىز ئەدەبىياتىمۇ روناق تېپىپ، گۈللەپ - ياشناپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۇ شانلىق نەتىجە چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. بۈگۈنكى كۈندە چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇچىگىلا تولۇق دېگۈدەك تەرجىمە قىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەتمىش نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 90 نەچچە نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئۆزى 1983 - يىلى پارىژدىكى پۈتۈن ياۋروپا پەن - سەنئەت - ئەدەبىيات تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا سايلاندى. بۇ ئەھۋاللار سوۋېت قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا تۇتقان ئورنىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىرغىزلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە. بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىيات گۈلزارلىقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ مىللەت ئالدى بىلەن ئۆز ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرەلىشى كېرەك. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزلىرىنىڭ 1924 - يىلدىن ئىلگىرى ئۆز يېزىقى بولمىغان، بۇ ھال روشەنكى ھەر قايسى ئەل كىشىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشىغا خېلىلا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى تۇرغان گەپ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىككىنچى بىر تىلنى ۋاستە قىلىشقا توغرا كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، رۇس تىلى مۇشۇنداق ۋاستە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. باشقا ئەللەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىز جۇڭگونىلا ئالىدىغان بولساق، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بارلىق ئەسىرى قىرغىزچىدىن ئەمەس، بەلكى رۇسچى-
دىن تەرجىمە قىلىنغان؛ چۈنكى سوۋېت قىرغىزچىسىنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ يېزىقى تېخى يارىتىلغان يېزىق. شۇنىسى قىزىقكى،
چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ رۇسچىسىنى باشقا بىراۋ تەرجىمە قىلىپ
چىققان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى يازغان. چىڭغىز ئايتماتوۋ ئىككى تىللىق
يازغۇچى بولۇپ، ئىككى خىل تىلدا يېزىقچىلىق قىلالايدۇ. ئۇ: «ئەگەر مەن ئۆز
ئەسەرلىرىمنى قىرغىزچە يېزىپ چىققان بولسام، ئۇ هالدا، ئۇلارنى رۇسچىغا تەرجىمە
قىلغان بولاتتىم ياكى باشقىچە بولاتتى»① دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ «گېزىت ساتقۇچى
جويدو» دېگەن تۇنجى ئەسىرى (1952 - يىل) رۇسچە يېزىلغان ئىدى. كېيىنكى
نۇرغۇن ئەسەرلىرىمۇ ئالدى بىلەن رۇسچە يېزىلدى. قىرغىز خەلقىنىڭ رەڭگا-رەڭ،
مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە ئۇسلۇپ ئارقىلىق ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن بولغاچقا ھەمدە ئالدى بىلەن رۇسچە ئېلان قىلىنغان بولغاچقا،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە ناھايىتى تېز تارقىلىپ، قىرغىز
ئەدەبىياتى ئۈچۈن، دۇنيا ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدىن مىسلىسىز ئورۇن ھازىرلىدى.
دەل شۇ تۈپەيلى، چىڭغىز ئايتماتوۋ: «مېنىڭ ئەسەرلىرىم رۇس تىلى ۋاستىسى
ئارقىلىق دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى، دېمەك، رۇس
تىلى مېنىڭ ئانا تىلىم بولغان قىرغىز تىلىنىڭ تۇتقان ئورنىنى كۈچەيت-
تى......» دېگەن②. بىر مىللەت يازغۇچىسىنىڭ ئۆز ئىجادىي ئەسەرلىرىنى باشقا
مىللەت تىلىدا يازغانلىقى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى نابۇت قىلغانلىقى بولىدۇ
دېيىشكەن بولامدۇ؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە گەرچە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش زۆرۈر
بولسىمۇ، ئەمما ھەر ھالدا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ
ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىجادىي پائالىيەتتە
رۇس تىلىنى ۋاستە قىلىش سوۋېت قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم تار-
قىلىشىدا زور رول ئوينىغان. بىز بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىن:
تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر مىللەت ئەگەر ئۆز ئەدەبىياتىنى دۇنيا ئەدەبىياتى گۈلزار-
لىقى قاتارىدا تۇرغۇزىمەن دەيدىغان بولسا، ئۆز يازغۇچىلىرىنى ئىككى تىللىق
قىلىپ تەربىيەلىشى زۆرۈر؛ شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى باشقا
مىللەتلەر ئارىسىدا تېز تارقىتالايدۇ.

«ئىككى تىللىق» دېگەن نىمە؟ چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ قارىشىچە «ئىككى
تىللىق بولۇشنىڭ تۈپ شەكلى ئىككى تىلدىن يەنى دۇنيادا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان
بىر خىل تىلدىن ھەمدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدىن پاراللېل پايدىلىنىشتا ئىپادىلىـ-
نىدۇ»③. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا، «دۇنيادا كۆپ
ئىشلىتىلىدىغان تىل» دېگەن ئەينى ۋاقىتتا «بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان» تىلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنداق بولسا، ئىككى تىلدىن پاراللېل پايدىلىنىش داۋامىدا، ئىلگىرى تارىختا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئەشۇنداق ئەھۋال يەنى «دۇنيادا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان» «بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان» تىل كىچىك مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىدىغان، يۇتۇۋېتىدىغان ئەشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ دەرۋەقە، ئىلگىرى تارىختا بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ تىلى راسلا يوقىلىپ كەتكەن. بۇ جەھەتتە، تاجاۋۇز قىلغۇچى مىللەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىنغۇچى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى يوقىتىۋەتكەنلىكىنى قويۇپ تۇرساقمۇ، تارىختا چوڭ مىللەتنىڭ تىلى كىچىك مىللەتنىڭ تىلىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ خېلى بولغان (بۇنداق ھادىسە ھازىرمۇ تېخى تۈگەپ كەتكىنى يوق). ۋاھالەنكى، ھەر قانداق بىر تىلنىڭ يوقاپ كېتىشى دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل زور زىيان بولۇپ ھېسابلانماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بۇ بەربىر تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە، ئۇنىڭغا ھازىرقى زامان كىشىلىرى جاۋابكار ئەمەس. خۇسۇسەن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئۇنداق بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى ھەر قايسى مىللەت تىللىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا، چىڭغىز ئايتماتوۋ: «چوڭ مىللەتنىڭ تىلى كىچىك مىللەتنىڭ تىلىغا قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇرۇۋېرىشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، بىرلىكتە ياشاش مۇناسىۋىتىدە تۇرالىشى تامامەن مۇمكىن» ④ دەپ ھېسابلىغان، ھەمدە «ئىككى تىللىق بولۇشنى بولۇشىغىلا قويۇۋەتمەسلىك كېرەك، ئۇ يۈگەنسىز ھالەتتە بولماسلىقى كېرەك» ⑤، ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، «ئىككى تىل تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەتنىڭ تىلىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك» ⑥ دەپ ھېسابلىغان، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ۋەكىللىكىدە روناق تاپقان قىرغىز ئەدەبىياتى روشەنكى رۇس تىلى بىلەن قىرغىز تىلىنىڭ تەڭ - باراۋەرلىكى ئاساسىدىلا راۋاجلانغان.

بەزىلەر: تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇغۇ؟ يازغۇچىلارنىڭ ئىككى تىللىق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يازغۇچىلار يېزىش بىلەنلا شۇغۇللانسا، تەرجىمانلار تەرجىمە قىلىش بىلەنلا شۇغۇللانسا بولمامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ، بەلكى جەزمەن ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرجىمە قىلىش كېرەك. بىراق تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق مىللىي يازغۇچىلارنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر قانداق ئەسەر تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسلى تەمى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يۈزدە يۈز ساقلاپ قالالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇچۇر تارقىتىش ئۇچقاندەك تېزلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، مىسالى بىرەر رومانىنى تەرجىمە قىلىشقا خېلىلا ئۇزاق

ۋاقىت كەتسە، تەھقىقكى ئۇ دەۋر تەلىپىنىڭ ئارقىدا قالىدۇ. ئەمدى، ئىككى تىللىق يازغۇچى بولسا، ئۇچۇر تارقىتىش جەھەتتە روشەنكى ناھايىتى ئەۋزەل ئورۇندا تۇرالايدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋنى ئالساق، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئالدى بىلەن رۇسچە يېزىپ (ئۇنىڭدىن كېيىن قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلغان)، دۇنيا ئەدەبىيات گۈلزارلىقىغا قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇچۇرىنى دەرھال يەتكۈزگەن. يالغۇز سۈرئەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئىككى تىلدىن پايدىلانغانلىقى يالغۇز ئانا تىلدىنلا پايدىلىنىدىغان يازغۇچىلارغا قارىغاندا، ئۇنى خېلىلا زور ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە قىلغان. ئىجادىي پائالىيەتنىڭ باشقا جەھەتلىرىمۇ زور نەتىجىگە ئىگە قىلغانلىقىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان گەپ.

ئەمىسە، ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئىككى تىلدىن پايدىلىنىش ئانا تىلنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى رولىنى بىكار قىلىۋېتەمدۇ دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى «ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەرلەر قېرىنداشلارنىڭ قەلبىدە سادا قوزغىيالايدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئېستېتىك ھوزۇرلىنىش بېغىشلىيالايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر ئالدى بىلەن ئانا تىل ئارقىلىق دۇنياغا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە»⑦. يازغۇچىلار ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىدا، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، پسىخولوگىيىسى، ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەسۋىرلىگىنىدە ئانا تىل روشەن «ئەۋزەل» ئورۇندا تۇرىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇنداق «ئەۋزەل» لىككە قىل سىغمايدۇ⑧ دەپ قارىغان. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «جامىلا»، «خەير، گۈلسارى» دېگەن ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قىرغىز مىللىتىنىڭ ھاياتىدىكى مول يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر سۈرەتلەپ بېرىلگەنلىكىنى، ئانا تىلى بولغان قىرغىز تىلىنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان كۈچلۈك تەسىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. بۇ ئەھۋال بىزگە باشقا بىر تىلدىنلا پايدىلىنىپ يېزىشنى بىلىپ، ئانا تىل جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتمىگەندە، ئىش بەرىبىر قاملاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئىككى تىللىق بولۇش ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى يوقاتمايدۇلا ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئىككى تىللىق بولۇش قانداق قىلىپ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؟ چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇ نۇقتىنى ناھايىتى قىزىقارلىق بايان قىلغان: «ئىككى تىللىق بولۇش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تىللار بىرلىشىدۇ، شۇ تۈپەيلى، ئوخشاش بولمىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، دۇنيانى كۆزىتىش جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىرلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال خۇددى ئىلىم-پەندە ھەر قايسى پەن

تارماقلىرى ئۆزئارا بىرلەشكەندە ھەر خىل ھادىسلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىدەك ئۆرخ-شاش، ئېيىقچە بىلىش سەۋىيىسىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ، بىر خىل قوشۇمچە مەنە بىلەن ھەم قوشۇمچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئەمدى، بۇلاردىن ئايرىلغان ھالدا، سەنئەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. دېمەك ئىككى تىللىق بولۇش ئارقىلىق ئېيىقچە ئەكس ئەتتۈرۈش شەكىللىرىنى تاپالايمىز، پېرسوناژلارنى گەۋدىلىك سۈرەتلەپ بېرەلەيمىز. بۇنداق سۈرەتلەش شەكىللىرى خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش سان - ساناقسىزدۇر»[9]. ئىككى تىللىق بولۇش «ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەرگىز دەخلى قىلمايدۇ، بەلكى ئەكسىچە، بىر خىل يار - يۆلەك بولىدۇ، دۇنيانى ئىككى تىل نۇقتىسىدىن ھەم ئوبراز نۇقتىسىدىن كۆزىتىشتە بىر خىل قوشۇمچە ۋاستە بولىدۇ»[10]، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ «تېخىمۇ تاكامۇللىشىش»غا، تىلنىڭ «تېخىمۇ ئوبرازلىق»[11] بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. دېمىسىمۇ، ئىككى تىللىق بولۇش يازغۇچىغا قارىتا ئالاھىدە بىر خىل رول ئوينايدۇ، يازغۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەتنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە دۇنيانى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ھازىرلايدۇ. دېمەك، بۇ يەردە يازغۇچىنىڭ ئىككى تىلدىن پايدىلىنىپ ئەسەر يېزىش مەسىلىسى ئەدەبىيات - سەنئەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئىلمىي ئاساستا چۈ-شەندۈرۈپ بېرىلگەن. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «بىر ئەسىردىن ئۇزۇن بىر كۈن» دېگەن ئەسىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دەۋر ئېقىمىنى، قەدىمكى رىۋايەتلەر بىلەن زامانىمىزدىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى، ئىلمىي فانتازىيە بىلەن رەھىم-سىز رېئاللىقنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەنلىكى بۇنىڭ ناھا-يىتى ياخشى ئىسپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، يازغۇچى بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئىجادىي پائالىيەتلەردە تىلدىن پايدىلانغانلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ؛ يازغۇچى يەنە ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز مىللىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، چىڭغىز ئايتماتوۋ: تىل دېگەن بۇ نەرسە «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ توپ ئېلې-مېنتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەمدە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[12] دېگەن. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ قارىشى بويىچە، بۇنداق تەرەققىيات ئاساسەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ماددىي ھاياتىدىكى يېڭى شەكىللەرنى ئاكتىپ تۈردە قوبۇل قىلىش»تا، «دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان تىللارنىڭ تەجرىبىلىرى»نى ئۆگىنىۋېلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ[13].

پاكىتلار بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىر تىل روناق تاپماقچى بولىدىكەن، ئۇ باشقا مىللەت تىلىدىكى ياخشى ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلماي مۇمكىن ئەمەس. مىسالى ھازىرقى زامان رۇس تىلىنى ئالايلى، 1981-

يىلى نەشىر قىلىنغان «رۇس تىلىغا چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر لۇغىتى»غا 19 مىڭ سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن. رۇس تىل شۇنداق ئىكەن، كىچىك مىللەت تىلى تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. دېمەك، كىچىك مىللەت تىلى ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا تەرەققى قىلغان باشقا تىللاردىن ئۆگىنىشى كېرەك؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونكرېت تارىخى شارائىتىدا بولسا، رۇس تىلىدىن ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن «زامانىمىزدىكى ھەر بىر سوۋېت مىللى ئەدەبىياتى ئىككى مەنبەگە ئىگە، بىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى، يەنە بىرى رۇس مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى»[14]، «تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر سوۋېت يازغۇچىلىرىنى ئىككى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلىنىش، ئىككى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىگە تاۋاپ قىلىشتەك مۇشۇنداق ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر تەقدىرگە ئىگە قىلىپ قويىدى»[15] دېگەن ئىدى. ئايتماتوۋنىڭ ئۆزىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ناھايىتى روشەن بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە قەدىمكى خەلق چۆچەكلىرى رىۋايەتلىرى قىستۇرۇلغان. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى روشەنكى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن. گوركىنىڭ «ماكار چۇدرا»، «پەرىزات ۋە ياش مالچى» ۋە «ئىزېرگىل ئاتلىق خوتۇن» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقساق، بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، چىڭغىز ئايتماتوۋ چۆچەك رىۋايەتلەرنى گوركىنىڭ ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ قويغان ئەمەس؛ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زور پەرق شۇكى، چىڭغىز ئايتماتوۋ قەدىمكى چۆچەك-رىۋايەتلەر بىلەن ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى قان بىلەن گۆشتەك چەمبەرچەس بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى شۈبھىسىزكى، قىرغىز ئەدەبىياتىغىلا خاس بولۇپ، رۇس ئەدەبىياتىدا يوق ئىدى. دېمەك بۇ «ئىككى سايىدىكى ئىككى ئېقىن سۇ»نىڭ[16] بىر ئېقىنغا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

رېئال تۇرمۇشتا، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرىدىن، بەزى كىشىلەرنىڭ «مىللىي ئالاھىدىلىك»نى ساقلاش دېگەننى باھانە قىلىپ، تەرەققى تاپقان مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىشكە قارشى چىققانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. چىڭغىز ئايتماتوۋ مۇشۇنداق كىشىلەرنى تەنقىت قىلىپ «ئەگەر ئۆزىمىز قاتتىق بېكىنىۋالىدىغان بولساق، قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ ئۇ ھالدا بىز ماھىيەت جەھەتتە يالغان مەدەنىيەتكىلا ئىگە بولۇپ قالىمىز، چۈنكى ئۇنىڭدا مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا پەقەت بىرلا تەرىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. باشقا مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش بولمىسا، بولۇپمۇ بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش بولمىسا، بۇ ئەھۋال مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش بۇلىقىنىڭ ئېتىلىپ قالغان-

لىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇبادا «مىللىي ئالاھىدىلىك»نى ساقلاپ قېلىش ئاخىرقى مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ «ئالاھىدىلىك» بىر ئىزدا بېكىنىۋېلىشتىن دۇنيادىن بىخەۋەر قېلىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ؛ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ باشقا جايلارغا تارقىلىشىنى توساپ قويىدۇ»[17]، دېگەن ئىدى. مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ بولسا، ھەر بىر كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پەخىرلەنمەي قالمايدۇ؛ ھالبۇكى، مۇشۇنداق پەخىرلىنىشنىڭ ئارقىسىغا مىللىي كۆرەڭلىك كەيپىياتى يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا يوشۇرۇنغان بولسا، ئۇنى قانداق پەرقلەندۈرۈپ ئالىمىز؟ چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇ ھەقتە ناھايىتى ياخشى بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مىللەتنىڭ پەخرى ۋە كۆرەڭلىكى ناھايىتى ئېنىقكى ھەرگىز ئوخشاش مەنىدىكى نەرسە ئەمەس؛ ئالدىنقىسى ئۆز مىللىتىنىڭ شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پەخىرلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرگەنلا يەردە كۆز-كۆز قىلىپ يۈرمەيدۇ؟ كېيىنكىسى بولسا، ئۆز مىللىتىنىڭ «يېتەرسىزلىك»لىرىنى ھەرگىز كۆرمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ «ئارتۇقچىلىقى» قىلىۋالىدۇ. ئەمدى، باشقا مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق يولغا قويۇلسا، پەخىرلىك بىلەن كۆرەڭلىكنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىۋېلىشقا زور ياردىمى بولىدۇ».[18]

مىللىي يازغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشتە باش تارتىپ بولمايدىغان جاۋابكارلىقى بار. زامانىمىزدىكى ھەر بىر مىللىي يازغۇچى، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، «زامانىمىزنىڭ يېڭى رېتىملىرى ھەم يېڭى پىكىرلىرىنى قارشى ئېلىشى كېرەك»، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن «ئىلگىرىكى مىللىي شەكىللىرىنى بېيىتىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ؛[19] چۈنكى «مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى يىراق ئۆتمۈشتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت ئەمەس. مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى دېگەن ئۇقۇم يالغۇز مۇقىملىشىپ قالغان، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن نەرسىلەرنى، تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا توپلانغان تەجرىبىلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى يەنە ھازىرقى زاماندىكى رېئال تۇرمۇشتا ھاسىل قىلىنغان يېڭى تەجرىبىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».[20] چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ مىللىي مەدەنىيەت توغرىسىدىكى بۇ نۇقتىئىنەزىرى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئىككى تىللىق بولۇش مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە، گەۋدىلىك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش، ئالغا سىلجىتىش رولىغا ئىگە. ئۇنداقتا، يازغۇچىلار قانداق قىلغاندا ئىككى تىللىق بولالايدۇ؟ بۇ ئالدى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق،

ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئاجايىپ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى بۇ جەھەتتە كىشىلەرگە مەلۇم ئىلھام بېغىشلايدۇ: چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ دادىسى كىچىككىدىن تارتىپلا رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇغان، ئاپىسىمۇ مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە «مەدەنىيەتلىك ئايال» ئىكەن، چىڭغىز ئايتماتوۋ كىچىككىدىن تارتىپلا رۇسچىنى ئۆگىنىۋالغان ھەمدە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ قايىنىغا چۆمگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر يىلى يازدا، موممىسى ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇپ، يايلاققا ئېلىپ چىقىدىكەن. ئۇ چارۋىلار بىلەن بىللە ئوتلاقمۇ - ئوتلاق ئايلىنىپ يۈرىدىكەن ھەمدە موممىسى بىلەن چوڭ ئاپىسىنىڭ يېنىدا چۆچەك - رىۋايەت، بېيت - قوشاقلارنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئانا تىل بولغان قىرغىز تىلىنى خۇددى ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ھەزىم قىلىۋالغىنىغا ئوخشاش پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالىدىكەن. 15 ياش چېغىدىلا رۇس تىلى بىلەن قىرغىز تىلى ئارا بىر قېتىم تەرجىمانلىق قىلالىغان («جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئەدەبىياتلار» 1985 - يىل 12 - ساندىكى «چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئېيتقانلىرى»غا قارالسۇن). شۇنىڭ ئۈچۈن، چىڭغىز ئايتماتوۋ ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ: «ئۆز تەجرىبىلىرىمگە ئاساسلانغاندا، بىر كىشى ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە تەڭ ئۇچرىشىپ يۈرگەن ئىككى خىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ خىل تىلنى ناھايىتى پۇختا بىلىۋالالايدۇ؛ ئەگەر شۇ تىللار ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرگەن بولسا»㉑ دېگەن ئىدى. بۇنداق دېگەنلىك كىشىلەر بالىلىق مەزگىلىدە تىل ئۆگىنىۋېلىش تۇغما تالانتقا ئىگە، ئىككى تىللىق بولۇش تەربىيىسىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى چېنىقىشنى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئېلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟!

قىسقىسى، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى ئالاھىدە ھادىسە؛ ھالبۇكى، ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگىمۇ - ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە شۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ مەسىلە بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئىزاھلار:

① ② ④ ⑦ ⑧ ⑩ ⑪ «كىشىلەر ئىككى خىل تىل ئارىسىدا» دىن ئېلىندى.
③ ⑤ ⑥ ⑨ «تىللار دۇنياسى» دىن ئېلىندى.
⑫ ⑬ ⑰ ⑱ ⑲ ⑳ «ئانا تىلىنىڭ مۆجىزىسى» دىن ئېلىندى.
⑭ ⑮ ⑯ «ئەنئەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر» دىن ئېلىندى.
㉑ «چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئېيتقانلىرى» دىن ئېلىندى.
(كەلتۈرۈلگەن ھەممە نەقىل «ئايتماتوۋ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1984 - يىل رۇسچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنسەردىن موسا

# كۇسەنشۇناسلىقنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلىرى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

ھازىرقى «كۇچار» مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مەركىزى تۈگۈنىگە جايلاشقان تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمكى جايلاردىن بىرى بولۇپ، جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدە «كۇسەن» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دائىرىسى ھازىرقى بۈگۈر ـ توقسۇ (شىڭخا)، شايار، باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھازىرقى كۇچارنى پايتەخت قىلغان ھالدا غەربىي رايوندىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان. ياپونىيە تارىخچىسى يۇيىشى لياۋتى «غەربتە بۇددىزم» ناملىق ئەسىرىدە «سۇ قامۇسىغا ئىزاھات» دېگەن كىتابنىڭ ئىككىنچى جىلدىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ چوڭلۇقى، خەلقىنىڭ سەنئەتكە ماھىرلىقى، ئۇلار ياسىغان ئالتۇن بۇت ـ ھەيكەللەر بىلەن مىڭ ئۆي (غار) تاملىرىغا سىزىلغان نەپىس سۈرەتلىرىنىڭ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغانلىقى ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەر قوشقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

«كۇسەن» دېگەن نام جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. «خەننامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «كۇسەن دۆلىتىنىڭ خانى يەنچېڭدە تۇرىدۇ... 6970 ئائىلە، 81317 ئاھالى بار... مىتال ئىشلەيدۇ... ئۇ يەردىن تۆمۈر، قورغۇشۇن چىقىدۇ ......» دېيىلگەن. «ۋېينامە. 102- قىسىم غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە، كۇسەن شەھىرىنىڭ تۆت تەرىپى بەش ئالتە يول كەڭلىكتە ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. يۈيخۇەن يازغان «ۋېي خاتىرىلىرى ـ غەربىي رايونلار تەزكىرىسى» دە كۇسەننىڭ ئاجايىپ گۈللەنگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. «جىننامە، تۆت ياقادىكى خەلقلەر تەزكىرىسى» دە كۇسەننىڭ قەلئەسى ئۈچ قات سېپىل بىلەن ئورالغانلىقى، بۇتخانا مۇنارلىرىنىڭ مىڭغا يېقىن ئىكەنلىكى يېزىلغان. راھىپ شۈەنجاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا كۇسەن ھەققىدە توختىلۇپ، «كىلىماتى مۆتىدىل، ئۆرپ ـ ئادىتى نەپىس، كىمخاپ

ۋە بۇزدىن كىيىم كىيىشىدۇ. زىبۇ-زىننەت ئىشلىتىدۇ... چاچ كېسىپ دوپپا كىيىپ
رومال سالىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن پۇل ئىشلىتىدۇ» دەپ يازىدۇ. يۇقىرقىلار-
دىن باشقا «جىننامە، كۇسەن تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە، 221-قىسىم»، «كۇسەن
تەزكىرىسى»، «لۇيگۇاڭ تەزكىرىسى» ۋە سۈيخۇاڭ يازغان «16 خانلىق تارىخ»
قاتارلىق كىتابلاردىن كۇسەن مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى كۆپ مەلۇمات ئالغىلى
بولىدۇ.

كۇسەن ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا بىر قاتار پارلاق
كەشپىياتلىرى بىلەن جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىغا قىممەتلىك
تۆھپىلەر قوشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولغان كاھىشچىلىق،
قاشچىلىق، مىمارچىلىق، توقۇمىچىلىق، زىبۇ-زىننەت قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن
بىللە شەھەر-قەلئە، ئەم-ئىرىم، ئۆيمىچىلىق، غارتام سىزما سۈرەتچىلىكى، ھەيكەل-
تاراشلىق ۋە ئېھرام، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى بىلەنمۇ زور شۆھرەت قازانغان. شۇن-
داقلا قەدىمكى كۇسەن جۇغراپىيە جەھەتتىن مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مەركىزى
تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق راۋاج-
لىنىشىنىمۇ مۇئەييەن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار مىلادىيدىن خېلى ئىلگىرىلا
غەربىتىكى شەھەر-قەلئە دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدا بولغان بولسا، شەرقتە
ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەنمۇ ئەڭ بۇرۇن مەدەنىي ئالاقە ئورنات-
قان، چۇنچيۇ (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 770-476-يىللار)، جەنگو (مىلادىيدىن
بۇرۇنقى 475-221-يىللار) دەۋرىدىلا خېلى روناق تاپقان مەدەنىيەتلىك دۆلەت
ئىكەنلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر ئىسپاتلىماقتا. شۇڭا، قەدىمكى كۇسەنلىك-
لەرنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ھەرتەرەپلىمە تەتقىق قىلىش كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو
ۋە مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى داۋاملىق يورۇتۇپ، ئاق قالغان جايلىرىنى
تولدۇرۇشقا پايدىلىق.

ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچىلار مەدەنىيەت تارىخىدا
خۇسۇسەن قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى تارىخىدا گرېك، رىم مەدەنىيىتىدىن كېيىن
دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر گۈللەنگەن مەدەنىيەت نامايەندىسى سۈپىتىدە
كۇسەن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشماقتا، كۇسەنشۇناسلىقتا يالغۇز يازما مەنبەلەر
بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ
ياردىمىگە تايىنىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. شۇ جاغدىلا كۇسەنشۇناسلىقنىڭ تەكتىگە چوڭقۇر
چۆككىلى بولىدۇ. بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىدىكى بىر مۇھىم تېما، كۇسەنشۇناسلىققا
دائىر ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر ئاساسەن ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالى-
دۇ. بىرى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ۋە ئۇنىڭدىن قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك مەدەنىي بۇ-
يۇملار، يەنە بىرى بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت «مىڭ ئۆي» لەرسەنئىتىدىن ئىبارەت.

# قارا دۆڭ خارابىسى

قارا دۆڭ قەدىمكى شەھەرى قەدىمكى كۇسەن شەھەرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۆچ دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئۈرۈمچى - كۇچار تاشيولىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 240 مېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان. (يەنى ھازىرقى كۇچار ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى - جەنۇبىدىن تەخمىنەن ئۆچ ك م ئارىلىقتا) شىمال تەرەپتىكى بەسە يېرىق يېزىسىدىكى بىر پارچە دۆڭلىكتىن ئىبارەت.

1950 - يىللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ھازىرقى كۇچار رايونىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كۇسەننىڭ پايتەختى دېيىلگەن قارا دۆڭدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىدىكى سېپىل ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. سەل چاسا شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. سېپىلنىڭ شىمالى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 2075 مېتىر، ئېگىزلىكى 3·8 مېتىر، قېلىنلىقى 8 - 16 مېتىر، شەرقى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 1608 مېتىر، ئېگىزلىكى 7·6 مېتىر، قېلىنلىقى 15 مېتىر، بۇ قىسمىنىڭ ھەر 40 مېتىر ئارىلىقىدا بىردىن ئالدىغا چىقىرىپ ياسالغان پوتەيى بار. جەنۇبى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 1809 مېتىر، ئېگىزلىكى 3·5 مېتىر، قېلىنلىقى 2·8 مېتىر كېلىدۇ. غەرب تەرەپنىڭ سېپىل ئىزى يوقالغان. ئېھتىمال سۇ ئېقىتىپ كەتكەن بولسا كېرەك. سېپىلنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۆي ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن بۇددا ئىبادەتخانىسى مۇنارلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ھاراق ئىشلەيدىغان ئورۇن قالدۇقى، تۆۋرۈك ئاستىغا قويۇلغان تاشلار، چاقتا ئىشلەنگەن ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. قارادۆڭنى قېزىش جەريانىدا تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك بۇيۇملار:

قەدىمكى ئىدىشلار: ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن بۇ جايدىن قېزىۋېلىنغىنى 33 ئىدىش بولۇپ، بۇلارنى رەتلىگەندە تۆۋەندىكىدەك پەرقلىق ئۆچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن.

A گۇرۇپپىدىكىلىرى يەتتە ئىدىش بولۇپ، ياخشىراق ساقلىنىپ قالغىنى بەش، بۇ ئىدىش، ساپاللار قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ سەل قوپالراق ياسالغان بولۇپ، قىزغۇچ، سۇس ساغۇش رەڭدىكىلىرى كۆپرەك، ئانچە پاقىراق ئەمەس. ئىدىشلارنىڭ ئاغزى يۇمىلاق، ئاستى سەل سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئېگىزلىكى 90 س م، قېلىنلىقى 15 س م، ئاغزى سىرتىدا قۇلاققا ئوخشاش تۆت تۇتقىسى بار.

B گۇرۇپپىدىكى ئىدىشلار جەمئىي 18 بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى خۇددى ئۈگدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان كورىغا ئوخشايدۇ. ئىچى تېشىنىڭ رەڭگى ئوخشىشىدۇ. ھەرقايسى ئىدىشلارنى 40 - 60 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى كۆچمە قۇملار ئورىۋالغان. لېكىن ئىدىشلارنىڭ ياسىلىش شەكلىدە ئازدۇر - كۆپتۇر پەرق-

لەر بولۇپ، رەڭلىرى سۇس قىزغۇچ، ئانچە پاقىراق ئەمەس. ھەممىسىنىڭ ئاغىزى قىسمى چېقىلغان. ئېگىزلىكى 15 س م، قېلىنلىقى 20 م م كېلىدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ ئاستى دىئامېتىرى، قىلىنلىقى ئاساسەن ئوخشاش. بۇ ئىدىش تېپىلغان جاينىڭ ئاستىدىكى كۈل قاتلىمىدىن يەنە تۆمۈر پارچىلىرى، مىس پارچىلىرى، كۆلرەڭ توپىدىن قۇيۇپ پۇشۇرۇلغان چاساخىش، نوكەش كاھىش... قاتارلىقلارمۇ تېپىلغان. شۇ قاتاردا ھەر خىل سۆڭەك ئەسۋاپلارمۇ، شۇنىڭدەك نەقىشلىك كۆلرەڭ خىش ۋە ۋۇجۇ پۇلى قاتارلىقلار تېپىلغان. يۇقىرىقى ئاسارە-ئەتىقىلەر سېرىق توپا قەۋىتىگە كۆمۈلگەن بولۇپ، ئېھتىمال ئىدىش كۆمۈلگەندىن كېيىن ئوخشاش مەزگىلدىكى ئىمارەتلەر بىلەن ئۇنى ساقلاپ قالغان.

C گۇرۇپپىدىكى قىزىل ئىدىشلار جەمئى 8 دانە بولۇپ، بىر يۆنىلىشتە تارقالغان بولۇپ، يەر يۈزىدىن 30 س م قېلىنلىقتىكى سېرىق توپا ئاستىدىن تېپىلغان. دىئامېتىرى 90 – 100 س م، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى 45 س م، ئېگىزلىكى 90 – 120 س م. بۇ جايدىن يەنە چىرىپ كەتكەن ياقاچ كۆللىرى شۇنىڭدەك ئىدىشلار ئىچىدىن كۆپ مىقداردىكى ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە باشقا ئۆي سايمانلىرى تېپىلغان.

تاشقۇراللار: تاشقۇراللار ئىچىدە تاش ئورغاقلارنىڭ نىسبىتى سەل كۆپرەك بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەكلا سۇنۇپ كەتكەن. ساق قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. بۇلارنىڭ بىر قىسمى يېسىمۇق شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسى كەڭ، كەينى تەرىپى قېلىن، سەل ئەگرىرەك، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 17 س م، ئوتتۇرىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە س م ئەتراپىدا كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سۈركەپ ئىشلەنگەن تاش ھەرە، تاش ئوتغۇچ، تاش پىچاق، تاش كەتمەن، تاش كۈرەك، تاش خەنجەر، تاش ئۇرچۇق، تاش قاتلىما يارغۇنچاق قاتارلىق نەرسىلەر ۋە يەنە ھەر خىل زىننەت بويۇملىرىمۇ بار. مەسىلەن: قۇلاققا ئاسىدىغان زىرە، ھالقا، مونچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بولۇپ، بۇلار يومىلاق ساقا شەكىلدىكى تەبىئىي تاشلاردىن ياسالغان. تاشلارنىڭ ئۈستىگە دىئامېتىرى تۆت م م كېلىدىغان تۆشۈك چىقىرىپ ئۆتكۈزۈپ ئىشلەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى تاش ئەسۋابلار بولۇپ، يەنە تاش ھېجىر، پەتنۇس، ئىسرىق قاچىسى، پالتا ۋە تاشتىن ياسالغان تۆشۈك تېشىدىغان ئەسۋابلارمۇ بار.

سۆڭەك قوراللار: سۆڭەك ھەرە، سۆڭەك يىڭنە، سۆڭەكتىن ياسالغان چاچ سانجىغۇچ (چاچ قىسقۇچ)، بىگىز، ئوقيا باشاقلىرى، زىق، ھەم تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە سۆڭەك بىگىز بىلەن سۆڭەك يىڭنە كۆپرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاشمايدۇ. سۆڭەك يىڭنىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بېلىق سۆڭىكىدىن (بېلىقنىڭ قىلتىرىق سۆڭىكىدىن) ياسالغان، يەنە بەزى يىڭنىلەر يېسىمۇق شەكىلدىكى ئىنچىكە

www.uyghurkitap.com

سۆڭەكلەردىن ياسالغان. يەنە بەزى سۆڭەكتىن ياسالغان ئويۇنچۇقلار هايۋاناتلارنى تۇتىدىغان ئوۋئەسۋابلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئويۇنچۇقلارنىڭ شەكىللىرى هازىرمۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مەۋجۇت. يىپۇقىر قىلاردىن باشقا يەنە هايۋاناتلارنىڭ ئىنچىكە سۆڭەكلىرى، مىگە سۆڭەكلىرى ۋە پاقالچەك سۆڭەكلىرىدىنمۇ تۈرلۈك نەپىس بۇيۇملار ياسالغان.

ساپال بۇيۇملار: جام (رومكا)، ئاياق، تەخسە، چۆچەك، تاۋاق، هېجىر، كۆپ، كوزا، ئىدىش، كورا قاتارلىقلار تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ياسىلىشى خىلمۇ خىل بولۇپ، نەقىش، هۈنەر-سەنئەتتى نۇسخىلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بۇلار تۆۋەندىكى ئالاهىدىلىككە ئىگە:

(1) ساپاللارنىڭ سۈپىتى ئاساسىي جەهەتتىن هەممىسى دېگۈدەكلا سېغىزلايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن قىزىل ساپال ياكى جىگەررەڭ ساپال بولۇپ، يۇمشاق سېغىز لايدا ئىشلەنگەن ساپال قاچىلارمۇ بار. كۆسەن رەڭلىك ساپال قاچىلىرىنىڭ سېغىز لايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەنلىكى ئېهتىمال ئەينى زاماندىكى رەڭلىك ساپال قاچا ئىشلىگۈچى ئۇستىلارنىڭ ساپال تېپىسىنى تاللاش هۈنىرىگە ماهىر ئىكەنلىكىدىن، شۇنداقلا قارا دۆڭنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيەلىك مۇهىتىنى بۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىدىن بولىشى مۇمكىن.

(2) قارا دۆڭدىن تېپىلغان رەڭلىك، نەقىشلىك ۋە رەڭسىز ساپاللارنىڭ هەممىسىلا قولدا ئىشلەنگەن بولماستىن، بەلكى چاقتا تېخنىكىلىق ئاساستا ئىشلەنگەنلىرىمۇ بار. لايىنى ئۇزۇن كومۇلاچ قىلىپ ياساش چارىسىنى قوللىنىپ، ئىچى تېشىنى سىلىقلاتقان.

(3) نەقىش چىقىرىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۈستىگە بىر قەۋەت رەڭ بېرىلگەن. رەڭلەر قىزىل، قىزغۇچ سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردىن ئىبارەت بولۇپ، نەقىشلىرى قارا رەڭدە چىقىرىلغان. قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭدىكىلىرىمۇ بار.

(4) نەقىشلىرىنىڭ نۇسخىلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي سەنئەتتى كىشىلەردە بىر خىل ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ. نەقىش نۇسخىلىرىدا ئاساسەن جىسىملىق تەتۈر ئۈچ بۇرجەك ۋە باشقا خىل ئۈچ بۇرجەك، ئىچى تەكشى قىسقا سىزىقلار ۋە رومبا شەكلىدىكى كاتەكچىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان چوڭ تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەكتىن ئۆزگىرىپ پەيدا بولغان قايىنامسىمان سىزىق. سۇنۇق سىزىقلاردىن هاسىل بولغان قاتمۇ قات ئۈچ بۇرجەك، دولقۇنسىمان سىزىق ۋە ساڭگىلاتما سىزىقلار بىلەنمۇ نەقىشلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا رومبا شەكىللىك، شاخمەت تاختىسىدەك كاتەكچە سىزىقلار، تەكشى تىك سىزىقلار ۋە هەر خىلدىكى قىسقا سىزىقلارمۇ بار. نەقىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆپ هاللاردا قاچىلارنىڭ ئاغزىغا بىر قاتار ئىككى قاتار هەتتا ئۈچ قاتار تەتۈر ئۈچ بۇرجەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇلاپ باشقا نەقىشلەر چىقىرىلغان.

شۇنىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، قەدىمكى زاماندىكى كۇسەن ئەمگەكچى خەلقى تەتۇر ئۈچ بۇرجەكنى رەڭلىك نەقىش قىلىپ سىزىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاسىتە ئارقىلىق بۇ خىل رىئال تەبىئىي مەنزىرىنى ئەپچىللىك بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان رەڭلىك ساپال قاچىلاردا كۆرسەتكەن. بەلكى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن رەڭلىك ساپال قاچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئاغىزغا قارلىق تاغلارنى تېخىمۇ ئېگىز قىلىپ سىزغان. ئەمەلى تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بۇ خىل بەدىئىي ئىجادىيەت ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

(5) قارا دۆڭ خارابىسىنىڭ قايسى قاتلىمىدىن چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ساپال قاچىلارنىڭ ئىچىگىمۇ رەڭلىك نەقىش سىزىش خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇملاشقان. بۇ خىل بەدىئىي سەنئەتنىڭ ئاساسلىقى ساپاللارنىڭ ئاغىزغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى بىر قاتار تەتۇر ئۈچ بۇرجەكتىن ئىبارەت دولقۇنسىمان سىزىقلار ۋە كەڭ بەلباغلارمۇ نەپىس قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ گۈزەل بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

(6) ساپال قاچىلار ئارىسىدا بىر قۇلاقلىق كوزا ۋە قۇلاقلىق قاچا، شۇنىڭدەك ئىككى قۇلاقلىق كوزا ھەممىدىن كۆپ ئومۇملاشقان.

(7) رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى ۋە ئاستىدا تۈتۈن يولىنىڭ ئىزى بار. بۇ ئۇلارنىڭ ئاشلىق، ماي ۋە شاراپ قاچلاش ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىنى بىزگە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قارا دۆڭ خارابىسىدىن تېپىلغان يۇقىرىقىدەك قىممەتلىك ئاسارە-ئەتىقىلەر، قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ كونا ۋە يېڭى تاشقورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلىرى دەپ قارالماقتا.

## ھازىرقى كۇچار رايونىدىكى بۇددىزىم يادىكارلىقلىرى

قەدىمكى كۇسەندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى بۇددا يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت. بۇددا سەنئىتى تەتقىقاتچىسى، بۇتشۇناس پروفېسسور سۇبەي ئەپەندى 1979- يىلى 9- ئايدا باي، كۇچار رايونلىرىدىكى مىڭ ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن يازغان «شىنجاڭدىكى بۇددا دىنىي خارابىلىرىنى تەكشۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدا شىنجاڭدىكى بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر ئورۇنلارنى، بولۇپمۇ باي، كۇچار قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشاش مۇھىم جايلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىچىلا كۈنتەرتىپكە قويۇلمىغانلىقىنى بۇجايلارنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، غار تام سىزما سۈرەتچىلىكى ۋە ئۇ رەسىملەردە ئەكس

ئەتتۈرۈلگەن، دىن پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت، مۇزىكا ـ ئۇسۇل، هەر خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى، كىيىم ـ كېچەك فورمىلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق [illegible] مەدەنىيىتىگە ئائىت نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى قايتا تەكىتلەپ، بەزى پىكىر تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. لېكىن بۇرۇندىن هۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن كونا رامكىلارنىڭ چەكلىمىسى، يەرلىك مىللەت زىيالىلىرىنىڭ جۈرئەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بارالماسلىقى تۈپەيلىدىن بۇ تەتقىقات هالقىسى تېخىچىلا ئاق هالدا تۇرماقتا.

بۇددىزىم مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرلەردە ساكيامۇنى تەرىپىدىن ئوتتۇرا هىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ـ II ئەسىر ئارىلىقىدا كۈسەنگە تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان. شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇددىزىم ئۆز ماكانىدا بىر قېتىمدىلا هەممە شەكىللىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋە تارقالغان ئەمەس، شىنجاڭدىكى خەلقلەر، ئالدى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنى ياخشىلىق هەم گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى دەپ تونۇغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى، غار تام سىزما سۈرەتچىلىكى، هەيكەلتاراچلىقى ئارقىلىق بۇددىزىم دۇنياۋىي مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان. ئۇنى ئوبرازلاشتۇرغان ۋە ئەپسانە، رىۋايەتلەشتۈرگەن. كۇچار، باي قاتارلىق جايلاردا مىڭ ئۆي بىناكارلىقى بىلەن ئۇنىڭدىكى نەپىس تام سىزما سۈرەت جەۋھەرلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇددا سۈرەتلىرى باي، كۇچاردا سىزىلغان چاغلاردا بۇددىنىڭ پەيدا بولغان ئەسلى ماكانى هىندىستاندىمۇ بۇددا سىزما سۈرەتچىلىكى ۋە غار سەنئىتى پەيدا بولمىغان ئىدى. سىزما سۈرەتچىلىك، هەيكەلتاراچلىق ۋە ساپال قوچاقلار سەنئىتى بىلەن بەدىئىي تىل كۈسەنلىكلەرنىڭ بەدىئىي تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستىلىرى ئىدى.

تاڭ دەۋرىدىكى راهىپ شۋەنجاڭ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياهەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە كۈسەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۈچ قەۋەت سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، غەربىي رايوندىكى مەشھۇر شەهەر ئىدى. شەهەر ئاهالىسى زىچ ئولتۇراقلاشقان ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جاي، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، چىرايلىق رەستىلىرى بار. ئالتۇن ـ كۈمۈچ ۋە هەر خىل قاشتاشلىرى بىلەن بېزەلگەن خان ئوردىسى تېخىمۇ كۆركەم ھەشەمەتلىك بولۇپ، گويا ئەۋلىيالارنىڭ دەرگاهىدەك سىرلىق ئىدى. شەهەر ئىچى ۋە سىرتىدا مىڭلىغان بۇددا مۇنارلىرى ئاسمانغا بوي تارتقان ـ دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە يالغۇز قارا دۆڭ شەهىرىدىلا ئۈچ قات سېپىل بىلەن ئورالغان بولماي قاراماچىن، يانتاقچىن قاتارلىق قەدىمكى شەهەرلەرمۇ ئۈچ قات سېپىل بىلەن ئورالغان. بۇ قەدىمكى شەهەرلەردە بېزەنتۇر، سامساقتۇر، ئۈچتۇر، قۇمتۇر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىق جايلاردا ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلار، ئىستىقامەت (دايانا) ئورۇنلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى مەلۇم. كۆسەندىكى بۇددىزىم راسا ۋايىغا يېتىپ، گۈللەنگەن مەزگىللەردە غەربىي قۇۋۇق سىرتىدىكى ئىلوفەر ئىبادەتخانىسى، قۇت تىلەش ئىبادەتخانىسى، فاخۇي ئىستىقامەت قىلغان ئالتۇنگۈل ئىبادەتخانىسى، كۆسەن بۇددا ئالىمى كۇمراجىۋا تۇرغان جەنمۇ يېڭى خانلىق ئىبادەتخانىسى، دامۇ ئىبادەتخانىسى، شىمالىي تاغ ئىبادەتخاناسى، ۋىنسۇ خانلىق ئىبادەتخانىسى، ئالى ئىبادەتخانىسى، سوركەنت ئىبادەتخانىسى، ئالبا ئىبادەتخانىسى، يۈنمۇ ئىبادەتخانىسى، چۆلتاغ بۈيۈك ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار مەيدانغا كېلىپ، كۆپلىگەن راھىپلار ۋە پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىكسۇنلار ئوقۇغان. نەتىجىدە پامىر شەرقىي ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەمدىلا بەرپا قىلىنىۋاتقان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن تەرجىمىشۇناسلارنى ۋە بۇددا ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. ھازىرقى كۈندە تەتقىقاتچىلار شۈەنجاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە راھىپ ئاسۇ خارا ئىستىقامەت قىلغان چاۋگۈلى ئىبادەتخانىسى داۋئەننىڭ «سۇ قامۇسىغا ئىزاھات» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان «چۆل تاغ ئىبادەتخانىسى» بىلەن بىر ئىبادەتخانا ئىدى، يەنى ئۇ «قۇمتۇرا مىڭ ئۆي» ئىدى دەپ پەرەز قىلىشماقتا. («شىنجاڭ سەنئىتى» 1985- يىل 4- سان).

1- قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى بۇ، كۇچار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 30 كم يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا يىپەك يولىدىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ ۋە دىن تەرغىباتى بىلەن سەپەر قىلغان راھىپ-روھانىلارنىڭ قونالغۇ جايلىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ جايدا قەدىمكى كۆسەن خەلقلىرى ياسىغان ئالاقىلىشىش مۇنارلىرى ۋە يىپەك يولىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىزلار ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. 1956- يىلى قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىگە نومۇر سېلىنىپ رەتلەندى ۋە ھۇجرىلاردا ساقلىنىۋاتقان تام سۈرەتلەرگە ئاساسەن بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى دەسلەپكى قەدەمدە پەرەز قىلىندى. ھازىر بۇ جايدا ساقلىنىۋاتقان ھۇجرا ئۆيلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ لېكىن ئىككى مىڭ يىللىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلى بەزىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى بىرىنچى دەۋرگە، بەزىلىرى ئىككىنچى دەۋرگە، بەزىلىرى ئۈچىنچى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ پەرەز قىلىنغان. يەنى مىلادى III ئەسىرلەردىن تاكى مىلادى XIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈزلۈكسىز ياسالغان ۋە بۇت، ھەيكەل ھەم نەپىس تام سىزما سۈرەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بەزى ھۇجرىلاردا كۈسەن يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى خاتىرىلەر بار. تام سۈرەتلەردە ساقلىنىۋاتقان يارالمىش قىسسىلىرى سۈرەتلىرى ۋە بىر قىسىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە سۈرەتلەرنىڭ تەتقىقات قىم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىنى يوقىرى. بەزى ھوجرىلاردا بولسا بۇددا دىنىغا ئائىت ئەڭ مەشھۇر سۈرەتلەر ساقلانماقتا. شۇنىڭدەك يەنە بىر قىسىم مەشھۇر ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىستىقامەت خانىلىرىدىكى تۇرلۇك پائالىيەتلىرىمۇ مول تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

2 - مازار باغ مىڭ ئۆيى، بۇ، كۇچار ناھىيىسىنىڭ شەرق شىمالىدىن تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، بۇ مىڭ ئۆي تىزمىلىرى غەرب ئوتتۇرا ۋە شەرق قىسىم دەپ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنگەن. بۇلار ھەر خىل تەبىئىي ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خاراپ بولغان. راھىبلار تۇرىدىغان ۋە نوم - كىتابلىرى ساقلىنىدىغان ئۆزۈنچاق ھۇجرا ئۆيلەر خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ھەرقايسى ھۇجرىلاردىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبى خىلمۇ خىل بولۇپ، تامامەن دېگۈدەكلا قەدىمكى مىللىي كلاسسىك بەدىئىي سەنئەتنى گەۋدىلەندۈرگەن ئەگمەچ ھۇجرا ئۆينىڭ تۆت تېمى ۋە تورۇسلىرىدىكى روھبا شەكىللىك كاتەكچىلەر ئىچىگە بۇددانىڭ ۋەز ئېيتىۋاتقانلىقى ۋە بۇنى بۇغا پادىشاسىنىڭ دىققەت بىلەن نوم (تەپسىر) ئاڭلاۋاتقانلىقىغا ئوخشاش بۇددانىڭ ماھايانا (چوڭ ھارۋا) مەزھىبى سۈرەتلىرى سىزىلغان. باشقا سۈرەتلەرنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما مازار باغ كەنتىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى مىڭ ئۆي خارابىلىقىغا قارىغاندا بۇ يەرمۇ ئەينى ۋاقىتتا خېلى مەشھۇر ئىستىقامەتگاھلاردىن بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

3 - سىم - سىم مىڭ ئۆيى: كۇچار ناھىيىسىدىكى مازار بېغى مىڭ ئۆيىنىنىڭ غەربىي - شىمالىدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر جايدىكى بىر خىلۋەت گاھ بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۆيلەرمۇ ئوخشاشلا مىلادى II ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە پەيدىنپەي ياساپ زىننەتلەنگەن بولغاچقا ئۇنىڭدىكى كلاسسىك بەدىئىي سەنئەت خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى مول ۋە مىللىي تۈرمۇش پۇرىقى قويۇق. ئەمما بۇ جايدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 52 بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا كۇچار ياقا - يېزا باشقۇرۇش رايونى ۋە قۇرۇق تاغ ئېغىزىدىكى ۋەيران بولۇپ ئېنىقلانماي قالغان ئۆيلەرنى قوشقاندا 200 دىن كۆپرەك بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ جايدىكى بەزى ئۆيلەر ئالاھىدە ئۇسلۇبتا چوڭ ھەم ئازادە ياسالغان بولۇپ، ئۇ دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرى ۋە يۇنگاڭدىكى ئەڭ بالدۇر ياسالغان ئۆيلەردىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك. ئۇنىڭغا بۇددانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى قىسسە ۋە بۈيۈك مائىترى بۇتلىرىنىڭ ئوبرازى يارقىن سىزىلغان. توشقان پادىشاسىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ توشقانلار توپىنى قۇتقازغانلىق سۈرىتى، شىر پادىشاسىنىڭ مايمۇن بالىسىنى قوغداش ئۈچۈن بۈركۈت، قۇشلار بىلەن ئېلىشقانلىق سۈرىتى، مايمۇننىڭ بۇغىغا مىنىش ھېكايە سۈرىتى، توز پادىشاسى ۋە كەپتەر پادىشاسىنىڭ جاھاننى قوغدايدىغان تۆت بۈيۈك ئەۋلىيا ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى چاتما سۈرەت، ساماۋىي پادىشا

(ماھاراج) ۋە بايراقدارلار سۈرىتى قاتارلىقلار ئىنتايىن زور ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نەپىس سۈرەتلەردۇر.

4 - قىزىلقاغا مىڭ ئۆيى: كۇچار ناھىيىسىنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى تەخمىنەن 30 ك م كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئۇ جەنۇبتىن ـ شىمالغا سوزۇلغان يۆنىلىشتىكى تاغ جىلغىسىنى بويلاپ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقلارغا ياسالغان. بۇ ئۆيلەرمۇ بىرقىرقلارغا ئوخشاشلا مىلادى II ئەسىردىن تاكى مىلادى XIII ئەسىر يەنى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىگىچە بولغان 11 ئەسىر ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ياسىلىپ تام سۈرەت ۋە بۇت ھەيكەللەر بىلەن بېزىلىپ كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە نىرۋانا بۇت سۈرىتى، چاتما سۈرەتچىلىك ئۇسلۇبىدا ئوبرازلاشتۇرۇلغان يارالمىش قىسسىلىرى سۈرەتلىرى، ساچۇينا مەلىكىسىنىڭ ئۆز گۆشىنى كەسكەنلىك ھېكايە سۈرىتى، يامغۇر گۈلى ھەققىدىكى ھېكايە سۈرىتى قاتارلىقلار نەپىسلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بولۇپمۇ قالقان ئېسىپ، نەيزە، بايراق كۆتىرىپ ماڭغان كۇسەن ئاتلىقلار قوشۇنى سۈرىتى، كاۋانىكا كىيىپ، چېچىنى بودىسىرە قىلىۋالغان ئاياللار سۈرىتى، كۇسەن ئەسكەرلىرى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ سۈرىتى، نەيزە، قىلىچ تۇتقان سەككىز دۆلەت ئەسكەرلىرى سۈرىتى قاتارلىقلار قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي قىياپىتىنى ۋە ئەسكەر، ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىنىش، بېزىنىش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئوبرازلىق ئەمەلىي ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5 - تېتىر مىڭ ئۆيى: باي ناھىيىسىدىكى قىزىل يېزىسى بازىرىنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىن تەخمىنەن بەش ك م يىراقلىقتىقا جايلاشقان، جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدىكى ئۆيلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كۆركەم ھەيۋەتلىك ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى مىڭ يىللىق تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تۇپەيلىدىن ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالالمىغان ھازىرغىچە ساق قالغان سەككىز ھۇجرا ئۆيمۇ ئاساسەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن. بۇمىڭ ئۆي تىزمىسىنىڭ كەينىدىكى تاغ چوققىسىغا ياسالغان بىر ئىبادەتخانىدىن ئورخۇن ـ يەنىسەي يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئويۇلغان ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى، ھەر خىل ساپال ۋە پار ـ پۇر بۇيۇملارمۇ تېپىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 1906 ـ يىللىرى بۇ يەرگە بىر قانچە چەت ئەللىك كېلىپ بىر قانچە باغلام قوليازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن، شۇ قاتاردا قېيىن قوۋزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر ۋە بىر نەچچە ھەيكەللەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن. شۇندىن كېيىن يەرلىك دېھقانلارمۇ بۇ جاينى كولاپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەرسىلەرنى تاپقانلىقى مەلۇم.

6 - توغراقدەڭ مىڭ ئۆي: باي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 40 نەچچە ك م يىراقلىقتىكى ئاقسۇ، باي تاشيولىغا يېقىن جايغا جايلاشقان (باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدا) بولۇپ ئۇ خېلى

www.uyghurkitap.com

قەدىمكى يادىكارلىق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ جايدا ئەينى ۋاقىتتا ياسالغان ھۇجرا ئۆيلەر سانى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغان. ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان، ئالتە ئېغىز ھۇجرا ئۆيدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلارمۇ تامامەن دېگۈدەك يوقىلىپ كەتكەن.

7 - ئۇنباش مىڭ ئۆيى: باي ناھىيىسىنىڭ غەربىي- جەنۇبىدىكى تەخمىنەن 15 ك م جايىدا (ئۇنباش) يېزىسىدىكى جىگدىلىك غولىدا) بولۇپ، ھازىر بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ھۇجرا ئۆيلەر ناھايىتى ئاز. ھەتتا بەزى ئۆيلەرنى ئېنىق پەرق ئەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مىڭ ئۆي تىزمىلىرىنىڭ يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا خېلى روناق تاپقان بولسا كېرەك. بۇ يەردىكى مىڭ ئۆيلەر خارابىسىغا يېقىن جايىدىن بىر قىسىم ساپال بۇيۇملار بىلەن پار - پۇر بويۇملار شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامانغا ئائىت يادىكارلىقلارمۇ تېپىلغان.

8 - قىزىل مىڭ ئۆيى: تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى ئېتەكلىرىدىكى مىڭ ئۆي سىستېمىسىنىڭ يۈرىكى دەپ ئاتىلىۋاتقان قىزىل مىڭ ئۆي تىزمىسى، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل يېزىسىنىڭ 10 ك م جەنۇبىدىكى قىزىل، مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغ باغرىغا مەتىن (جوتو) بىلەن ئويۇپ ياسالغان. قىزىل مىڭ ئۆيى كۆلىمىنىڭ زورلىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، يادىكارلىقىنىڭ موللىقى ۋە رەڭگا - رەڭ تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ، قەدىمكى زامان گۈزەل سەنئىتىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت غەزىنىسى جۈملىدىن مول ئېستېتىك بەدىئىي سەنئەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇرماقتا. شۇڭا ئۇ مەملىكەت بويىچىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچە سەنئەت بايلىقىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ھازىر بۇ جايدا ساقلىنىۋاتقان 800 دىن كۆپ ھۇجرا ئۆيدىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆلىمى ئون مىڭ كىۋادىرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ رەسىملەرنىڭ تېمىلىرى ۋە تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇ سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى سان جەھەتتىمۇ ئەڭ كۆپ، 1981- يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا تەسۋىرىي سۈرەتلەر 70 - 80 خىلغا يەتكەن. دۇنخۇاڭ، لوڭمېن ۋە يۇنگاڭ مىڭ ئۆيلىرىدە بۇ مەزمۇندىكى ھېكايىلىق تەسۋىرىي سۈرەتلەر 30 خىلدىن ئازراق بولۇپ، قىزىل مىڭ ئۆيدىكى تەسۋىرى سۈرەتلەر ئۇلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق، شۇڭا ئۇ دۇنيا قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەڭداشسىز مەشھۇر مۆجىزە، ھىندىستاندىكى ئاجانتا مىڭ ئۆيى، بار خۇت ساڭجى مۇنارى، قىزىل مىڭ ئۆيى ۋە دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيىدىن ئىبارەت تۆت، مىڭ ئۆي ئىنسانىيەتكە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان داڭلىق

مىڭ ئۆيلەردىن ئىبارەت. دۇنيا گۈزەل سەنئەت تەتقىقات ساھەسىدىكى ئالىملار قىزىل مىڭ ئۆيى ھۇجرىلىرىنىڭ كۆپلىكى، بېزىلىشىنىڭ نەپىسلىكى، تام سۈرەتىدىكى ھېكايىلىق تەسۋىرى سەنئىتىنىڭ تېپىلغۇسىز گۈزەللىكى بىلەن باشقا مىڭ ئۆيلەرنىڭ گۈلتاجىسى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ يەكۈن چىقارغان.

2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا شاھىد بولۇپ تۇرۇۋاتقان قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ تام سۈرەتلىرى ھازىرمۇ ئىنتايىن مول بولۇپ، سۈرەت تېمىلىرى ئاساسەن، يارالمىش قىسسىلىرى، بۇددا قىسسىلىرى، بۇددانىڭ ۋەز ئېيتىۋاتقان سۈرەتلىرى، نوم مەزمۇنىغا ئاساسەن سىزىلغان سۈرەتلەر، نېرۋانا شاگىرتلىرىنىڭ ماتەم بىلدۈرىۋاتقان سۈرەتلىرى، شۇنىڭدەك ھەر خىل يېرىم ئەپسانىۋى سۈرەتلەر بار. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە يارالمىش قىسسىلىرى سۈرەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. كۇسەن رايونىدىكى مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىدە يەنە بىر تۈركۈم تېپىنغۇچىلار ۋە دىنىدىن خالىي تۇرمۇش مەزمۇنىدىكى سۈرەتلەرمۇ بار. تېپىنغۇچىلار سۈرىتىدە كۇسەنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كىيىم - كېچەك، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى ساقلانغان بولۇپ، قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ ئەينى ئوبرازى جانلىق نامايەن قىلىنغان. سۈرەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈنۈشلىرى، مەسىلەن: ساپان بىلەن ئىككى كالا قوشۇپ يەر ھەيدەۋاتقان، كەتمەن بىلەن يەر چاناۋاتقان، ساپال ياساۋاتقان، رەخت توقۇۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بىزنى قەدىمكى كۇسەنىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

كۇسەن مىڭ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سۈرەتلىرىنىڭ سىزىلىشى، ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇرۇلۇشىدا ئۆزگىچە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك قويۇق ساقلانغان. ھۇجرىلارنىڭ ياسىلىشىدا ئاتالمىش ھىندستانچە بامىياڭ شەكلىدىكى (يەنى تىك بۇت ياسىلىپ، غار ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن) ۋە ئاخىرقى مەزگىلدىكى غەربىي رايونچە (ئالدىنقى سارىيى ئورنى ئاچىماق يانتۇ شەكىللىك) ھۇجرىلاردىن باشقا، كۆپ قىسمى كۇسەنىنىڭ ئۆزگىچە خاس كۇسەنچە (تۈز رۇمبا شەكىللىك، ئالدى - ئارقا ئۆيلىرىنىڭ تېمىغا بۇددا تەكچىلىرى تېزىلغان) شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تام سۈرەتلەر رۇمبا شەكىلدىكى كاتەكچىلەرگە سىزىلغان. ھەر بىر سۈرەت مۇكەممەل بىر قىسسىنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، يارالمىش قىسسىلىرىنىڭ مەزمۇنى بىر بىرلەپ ئىپادىلەنگەن. شۇنداقلا تام - تورۇسلارنى زىننەتلەش رولىنى ئوينىغان. ھەر قايسى ھۇجرىلاردىكى تام سۈرەتلىرىدە قىزىل، يېشىل كۆك، ھاۋارەڭ، قارا، ئاق، زىغىرەڭ، بېغىررەڭدىن ئىبادەت 8 خىل رەڭ ئاساس قىلىنغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى سۈرەتلەر سەل قوپالراق بولۇپ، توم - توم سىزىقلار بىلەن ئومۇمى ئىزنىسىنى سىزىپ چىقىپ رەڭ بەرگەن. كېيىنكى مەزگىلدىكى سۈرەتلەرنىڭ سىزىقلىرى ئىنچىكە ۋە نەپىس بولۇپ، پۈتۈن ھېسسىياتنى كۆچەيتىدىغان رەڭ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپى رەڭلىك بىر تەرەپى ئاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن قايتقان ئەكس نۇرلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل سىزىش ئۇسۇلى كۇسەننىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل كۇسەن رايونىدىكى مىڭ ئۆي بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە تۈركۈملەرگە ئايرىلغان. ھۇجرىلار، ئىبرۋانانى ئىپادىلەيدىغان كەڭ ئازادە ئىچكىرىكى ھۇجرىلار خىلمۇ خىل رومبا شەكىللىكى سىزما كاتەكچىلەر؛ خېلى يۇقىرى ماھارەتتە پۇشۇرۇلغان سىرى قويۇق ھەم پاقىراق يېشىل ئەينەك خىش بىلەن قوپۇرۇلغان تاشقارقى ھۇجرىلار، بۇت تەكچىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلار كۇسەنشۇناسلىقنىڭ بىرىنچى قوللۇق ئاساسىي ماتېرىيال مەنبەلىرى بولۇپ، كۇسەن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇلار قەدىمكى بىناكارلىق ۋە تام سىزما سۈرەتچىلىكىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ھەم ھەقىقىي قىياپىتى بولۇپ، كۆپ ئەسىرلەرگىچە دۇنياغا ئاشكارا مەلۇم بولمىغان. ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «يوشۇرۇن ئۆلگەن» دەپ نام ئالغان شىنجاڭ رايونى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنە شۇ شانلىق مىراسلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. XVIII-، XIX-، XX- ئەسىرلەردە شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن ئىنگلىزلار، نېمىسلار، فرانسۇزلار، رۇسلار، ياپونلار، ماجارلار، دانىيە ۋە فىنلاندىيەلىكلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆپلىگەن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. قىزىل مىڭ ئۆيىدىن نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش، ھەيكەل ۋە نەقىشلەرنى ئېلىپ كېتىپلا قالماي، بەلكى شىلىملىق داكا ئارقىلىق نۇرغۇن تەسۋىرى سۈرەتلەرنى سويۇپ ئېلىپ كەتكەن، ئېلىپ كېتەلمىگەنلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا 30- يىللارنىڭ باشلىرىدا لىكوك ئېلىپ كەتكەن تەسۋىرىي سۈرەت، ھەيكەل ۋە باشقا نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ھەمدە خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تۈركچە، توخارچە (كۇسەن يېزىقىدا) يېزىلغان قولىيازما، كىتاب-ھۆججەتلەر 277 ساندۇقتا، ستەيىن ئېلىپ كەتكەن نەپىس سۈرەتلەر 100 ساندۇقتا يېتىدىكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلىشىغا ئەگىشىپ قەدىمكىنى بۈگۈنگە خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى قېزىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى باشلاندى. بەلكى بۇ جەھەتتە بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ، شىنجاڭ-ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ ئىچكى سىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولدۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. شۇڭا كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتىغا يەنىمۇ ئېتىبار بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

# مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدىكى رولى

مۇختەر ئەبەيدۇللا

كىتاب ـ ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ياراتقان ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنىڭ يېزىق شەكلى ئارقىلىق ئىخچاملانغان بىر پۈتۈن گەۋدىسى. كۇتۇپخانا ئەنە شۇ ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى يىغىپ ساقلايدىغان بىلىم غەزىنىسى. ئۇ ئۆزى ساقلىغان ئەشۇ بايلىقلار ئارقىلىق بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىي ـ مائارىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىلمىي خاراكتېرلىك ئورگان، شۇنداقلا ئىككى مەدەنىيەت يارىتىش، ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىككىنچى چوڭ دەرسخانا. ھازىر ئېلىمىز كۇتۇپخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، تەلەپ، ئېھتىياجمۇ زورايماقتا. بولۇپمۇ مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان ھەر خىل چوڭ كىچىك تىپتىكى كۇتۇپخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇتۇشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. كۇتۇپخانا گەرچە شەكىل جەھەتتە ھەر خىل تەسىس قىلىنسىمۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى يەنىلا كەڭ ئامما ۋە كىتابخانىلارنىڭ مۇستەقىل كىتاب كۆرۈپ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش، ئوقۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلىرىدا ماددىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلار بىلەن كەسپىي كۇتۇپخانىلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى كۇتۇپخانىلار ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر قەدەر ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۆز مەكتىپى تەسىس قىلغان كەسىپلەر بويىچە كەڭ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇ-

www.uyghurkitap.com

تۈش ئىشلىرىدا پايدىلىنىدىغان قەدىمكىدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە بولغان تۈرلۈك كەسپىي كىتاب، ژۇرنال، ماتېرىياللارنى يىغىپ ساقلايدۇ ۋە تەمىنلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان كىتابلار سانى بىر قەدەر كۆپ، ساقلاش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، مەكتەپ ئۆزى تەسىس قىلغان ھەر قايسى فاكۇلتېت، كەسىپ ھەم ئوقۇتۇش تۈرلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل كىتاب كۆرۈش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ۋە چەتئەل تىللىرىدىكى كىتاب ژۇرناللار ۋە دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى ئىلىم-پەن كەشپىيات سەۋىيىسىدىكى ماتېرىياللار بىلەن ياردەم بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىن پايدىلىنىدىغان كىتابلار ھەم كۆپ ھەم مۇقىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ بىر قەدەر تەكشى. كىتابلاردىن پايدىلىنىش تەرتىپىي رەتلىك. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى كەسپىي خىزمەتلەر بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، كىتاب - ژۇرناللارنى توپلاش، تۈزۈش، رەتلەش، ئىسكىلات ۋە قىرائەتخانا ۋە باشقا تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. قىرائەتخانىدا ئوقۇش ۋە ئائىلىگە ئارىيەت بېرىش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىدۇ. كىتاب مۇندەرىجىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى فاكۇلتېت ۋە تەتقىقات تارماقلىرىدا كىتاب ماتېرىياللار بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇلار مەكتەپ كۇتۇپخانىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدۇ. باشقۇرۇش جەھەتتە ھەر قايسى فاكۇلتېت تەتقىقات تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولسىمۇ، كەسپىي جەھەتتە يەنىلا كۇتۇپخانىنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئۆز مەكتىپىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن مەكتەپنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتىگە زىچ ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئەخلاقىي، ئەقلىي ھەم جىسمانىي جەھەتتىن يېتىشكەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان مەخسۇس كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى؛ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «خەلقنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈشنىڭ زۆرۈر بىر شەرتى»① - دەپ قارىغان. مائارىپ تەتقىقاتى نەتىجىسىدىن قارىغاندا، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىككى خىل شەرت بار. بىرى مەكتەپ تەربىيىسى، يەنە بىرى جەمئىيەت تەربىيىسى. مەيلى ئالدىنقىسى بولسۇن ياكى كېيىنكىسى بولسۇن، ھەر ئىككىسى كۇتۇپخانىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئوقۇ - ئوقۇتۇش

① «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 31- توم 256 - بەت.

ۋە ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئارقا سەپ ھېسابلىنىدۇ. مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاغزاكى تەربىيە، يەنە بىرى كىتابىي تەربىيە، ئاغزاكى تەربىيە دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلسا، كىتابىي تەربىيە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك كۇتۇپخانىلار ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ماسلاشقان ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئەخلاقى تەربىيە، ئەقلىي تەربىيە، ماركسىزملىق تەربىيە، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى، كەسپىي تەربىيە، قانۇن ئىنتىزام تەربىيىسى قاتارلىق تەربىيىلەرنى ئۆزى ساقلىغان ھەر خىل كىتابلار ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەشۇ كىتابلارنى ئوقۇش، پايدىلىنىش ئارقىلىق پەننى بىلىم ھەم نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگەللەيدۇ، ۋەزىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىۋاتقان مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، يېڭى نەرسىلەرنى ئېگەللىشى نەتىجىسىدە ۋەزىيەتكە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالغا ئىنتىلىدۇ، مانا بۇ ئۇلاردا كىتابى بىلىم نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئالغا ئىنتىلىش بولۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

كۇتۇپخانا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، مۇستەقىل خىزمەت قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى زور مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ - تار بولۇشى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى، كەسپىي بىلىملىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەر قانداق بىر ئىختىساسلىق كىشىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۆزى مۇستەقىل ئۆگىنىش، مۇستەقىل تەھلىل يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىر كىشى بىرەر يېڭى مەسىلە ئۈستىدە ئىزلەنگەندە، بىرەر ئىلمىي ماقالە ياكى ئەسەر يازماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن بىر مۇنچە ماتېرىيال توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلار تولاراق كۇتۇپخانا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇنىڭدىكى كىتابلاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىزلەيدۇ. ئۇلار كۇتۇپخانىدىن ئىبارەت ئاۋازسىز دەرسخانىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇغاندا، كىتابقا بولغان ھەۋەسى ئېشىپ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. كۇتۇپخانىدىن قانچە كۆپ پايدىلانسا، قابىلىيىتى ۋە بىلىمى ئاشىدۇ، زېھنى چېنىقىدۇ، روھى جەھەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ. بۇ خۇددى زىرائەتلەرگە سۇ ۋە ئوغۇت بەرسە ھوسۇل ئالغانغا ئوخشاش، ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئەقىل - پاراسىتى كېڭىيىپ تولۇق ئوي - پىكىرگە ئىگە بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگەندە، ماقالە يازغاندا، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش پىلانلىرىنى تۈزگەندە، كىشىلەر بىلەن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەندە، كىتاب

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغانلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىش-
نىڭ شانلىق ئۈلگىسى. ئۇ بېرلىن داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا فېئودال، مە-
دىچىلىك شەكىلدىكى ئۇتۇقلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇ، ئوقۇش مەۋسۇمىدە پەقەت
12 خىل دەرسنىلا تاللاپ ئۆگەنگەن، شۇنىڭدىمۇ بۇ 12 خىل دەرسنى ئاڭلاشقا
ناھايىتى ئاز قاتناشقان، ئەمما كۆپ ۋاقتىنى داشۆ كۇتۇپخانىسىدا ئۆتكۈزۈپ ئۆز-
ئۆزىدىن ھەر خىل ساھەگە ئائىت بىلىملەرنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن. نەتىجىدە
ئوقۇش پۈتتۈرۈش يىلى پەلسەپىگە ئائىت بىر ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇرغۇنلىغان
پەيلاسوپلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ھەم شۇ يىلى 22 يېشىدا پەلسەپە پەنلىرى-
دىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىنمۇ جاھانگىرلىكنىڭ
ماھىيىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىپ «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ
يۇقىرى باسقۇچى» دېگەن كىتابىنى يېزىش ئۈچۈن ئۇرغۇنلىغان كۇتۇپخانىلاردىن
ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە گېرمان يېزىقىدىكى 148 كىتاب، 49 خىل ژۇرنال، 232
پارچە ماقالىنى كۆرۈپ ماتېرىيال توپلىغان. يولداش ماۋزېدۇڭ، لى داجاۋ، لۇشۈن،
لومىنوسوف، لى سىگۇۋاڭ، لى شىجېن قاتارلىق تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
كۇتۇپخانىدىن نەپ ئېلىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ يېتىشكەن. ماۋزېدۇڭ: «مەن داشۆ-
دىمۇ ئوقۇمىدىم، چەت ئەلدىمۇ ئوقۇمىدىم، مېنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئوقۇغان يېرىم خۇنەن
1-سىفەن بولدى، ئۇ ماڭا مەدەنىيەت سەۋىيەمنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشى ئۈچۈن
ئاساس سالدى، لېكىن مېنىڭ ئۆگىنىش ھاياتىمدا ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان ۋاقىت
خۇنەن كۇتۇپخانىسىدا ئۆزلىكىمدىن ئۆگەنگەن يېرىم يىل بولدى. بۇ ھەقىق-
قەتەنمۇ مېنىڭ ئۆگىنىش ھاياتىمدىكى ئەڭ خاتىرىلەشكە تېگىشلىك بىر سەھىپە
بولدى.» دەيدۇ. 21 خىل چەتئەل تىلى بىلىدىغان سۇئاماڭمۇ ئالىي مەكتەپ تەر-
بىيىسى كۆرگەن ئەمەس. ئۇ چەتئەل تىلىنى ئاساسەن ئۆزىگە تايىنىپ ئۆگەنگەن.
نەنجىڭ كۇتۇپخانىسى ئۇنىڭغا ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن.
شۇڭا ئۇ «كۇتۇپخانا ماڭا خۇددى مېھرىبان ئانىغا ئوخشاش كۆڭۈل بۆلدى. يار-
دەم قىلدى، ماڭا خوشاللىق بەخش ئەتتى، ئەگەر كۇتۇپخانا بولمىغان بولسا،
مېنىڭمۇ مۇۋاپپەقىيەتلىرىم بولمىغان بولاتتى. مېنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرىمنىڭ يېرىمى
كۇتۇپخانىغا مەنسۇپ» دەيدۇ. ھازىر ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى كۇتۇپخانىلار
تەربىيىلىنىۋاتقۇچىلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس
بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان، مۇستەقىل كىتاب كۆرۈپ قايتا تەربىيە ئالىدىغان 2-
دەرسخانىسى. «نۇر گېزىتى»نىڭ ئوبزورچىسى 1982-يىلى 9-ئاينىڭ 26-
كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان «ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈ-
چەيتەيلى» دېگەن ماقالىسىدا: «ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم
خىزمەت سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ مەكتەپنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسى ۋە

ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىر ئالىي مەكتەپنى ھەقىقىي تۈردە ئالىي مەكتەپ سۈپىتىدە باشقۇرىدىكەنمىز، ئۇنداقتا چوقۇم كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەم كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز ئالىي مەكتەپ ھېسابلانمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش، ئىلىم - پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، شۇ مەكتەپ كۇتۇپخانا خىزمىتىنىڭ ياخشى، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان كۇتۇپخانىلارنىڭ رولىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زېھنى بىر قەدەر ياش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقان ھەم شۇنىڭغا ئەگىشىپ نەزەر دائىرىسى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىۋاتقان بولىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە، بولۇپمۇ ئەدەبىي - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا قىزىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئەگىشىپ، ئۇلاردا كىچىك ھېكايىلارنى يېزىش، ھەر خىل تەسىرات، ماقالىلارنى، ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش قاتارلىق يېزىقچىلىق شەكلى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەتراپلىق ئويلاشقا، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلارنى يازدۇرۇشقا يېتەكلەش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارغا نىسبەتەن كۇتۇپخانا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار كۇتۇپخانا ئارقىلىق ئۆز بىلىمىنى مۇستەھكەملەيدۇ ھەم كېيىنكى ئوقۇش تارىخى ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بولسا ئوقۇغۇچىلار ئاساس يارىتىش باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ. ئۇلاردا مەسىلىلەرگە قارىتا ئانچە چوڭقۇر تونۇش بولمىسىمۇ ئەمما شۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئىنتىلىشتەك بىر خىل قىزغىنلىق، شۇنىڭدەك ئىنقىلابىي قەھرىمانلار توغرىسىدا قىسقا ھېكايىلار، ئىلمىي چۆچەكلەرنى ئاڭلاش، رەسىملىك كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈش قىزغىنلىقى تازا كۈچەيگەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەشۇنداق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھەر خىل شەكىلدىكى مەسىلەن: سىنىپ، گۇرۇپپىلار بويىچە كوللېكتىپ ھالدا كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇش، تام گېزىتى ئىشلەش، شەخسلەر ئارا كىتاب ئوقۇش مۇسابىقىسى، ھېكايە ئېيتىش، تەسىرات ماقالىلىرى يازدۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىنى قوزغاش، ئۇلاردا ئەستە قالدۇرۇش، مۇستەقىل سۆزلەش جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنى بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ چاغدا شۇ مەكتەپ

ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان كىچىك تىپتىكى كۇتۇپخانىلار (كىتاب ساقلاش ئۆيلىرى) ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىمۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

مائارىپ مىنىستىرلىقى «ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»دە: «...ئالىي مەكتەپ ئىچىدە كۇتۇپخانا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئۆگىنىش مەركىزى ھەم ئىلىم - پەن تەتقىقات مەركىزى بولۇشى كېرەك. كۇتۇپخانىنىڭ خىزمىتى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىلىم - پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، زامانىۋىلاشقان كىتاب، ئاخبارات خىزمىتى زىچ ماسلىشىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر يالغۇز ئۆگىنىش مەركىزىلا ئەمەس بەلكى ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزى، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى بولسا كىتاب ئاخبارات مەركىزى. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئىلىم - پەن خادىملىرى ئەنە شۇ دەۋردىن بۇرۇنقى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، كونىلىقتىن - يېڭىلىققا، تېيىزلىقتىن - چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى كەشپىيات، يېڭى نەزەرىيە يارىتىپ، شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كۇتۇپخانا ئۆزى ساقلىغان ماتېرىياللار ئارقىلىق شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىك سىياسى، ئىقتىسادى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. 1963 - يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى زامانىۋى ئايرودروم لايىھەلەش خىزمىتىدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ پىلانلاش گۇرۇپپىسى ناھايىتى مۇھىم بىر ماتېرىيالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىزدەپمۇ تاپالمىغان. كېيىن شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۇتۇپخانىدىن بۇ ماتېرىيالنى تېپىپ، شۇ ماتېرىيال ئاساسىدا لايىھەلىگەن پىلان مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇپ چىققان. نەنجىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش شىركىتىنىڭ گىلەم زاۋۇتى ئېكسپورت قىلىدىغان گىلەمنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنى كۆركەم، رەڭدار قىلىش ئۈچۈن سۇ بىلەن يۇيۇپ چىقىش كېرەك ئىدى. بىراق بۇ ئۇسۇل بىر قەدەر قالاق بولۇپ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇلار نەنجىڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن چەتئەل ماتېرىياللىرى ئىچىدىن خىمىيىلىك سۇ بىلەن يۇيۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان. بۇنىڭ ئۈنۈمى سۇ بىلەن يۇيۇشقا قارىغاندا 4 ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، ئەسلىدىكى 4 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يۇيۇپ بولىدىغان 2 مىليون كۋادىرات مېتىردىن ئارتۇق گىلەمنى 9 ئايدىلا يۇيۇپ بولۇپ، دۆلەتكە 3 مىليون

(داۋامى 100 - بەتتە)

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 871 | | | 872 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1466 - 1467 | | | 1467 - 1468 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 13 | 8 | 4 | 2 | 8 | 1 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 12 | 9 | 6 | 1 | 9 | 3 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuḩərrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Səpər | 2. سەپەر |
| Rəbiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rəbiussani | 4. رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xə’ban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zuḽkə’də | 11. زۇلقەئدە |
| Zulḩijjə | 12. زۇلھىججە |

www.uyghurkitap.com

| 175 | 871<br>1466-1467 | 872<br>1467-1468 | 873<br>1468-1469 | 874<br>1469—1470 | 875<br>1470—1471 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13.8.4 | 2.8.1 | 22.7.6 | 11.7.3 | 30.6.7 |
| 2 | 12.9.6 | 1.9.3 | 21.8.1 | 10.8.5 | 30.7.2 |
| 3 | 11.10.7 | 30.9.4 | 19.9.2 | 8.9.6 | 28.8.3 |
| 4 | 10.11.2 | 30.10.6 | 19.10.4 | 8.10.1 | 27.9.5 |
| 5 | 9.12.3 | 28.11.7 | 17.11.5 | 6.11.2 | 26.10.6 |
| 6 | 8.1.5 | 28.12.2 | 17.12.7 | 6.12.4 | 25.11.1 |
| 7 | 6.2.6 | 26.1.3 | 15.1.1 | 4.1.5 | 24.12.2 |
| 8 | 8.3.1 | 25.2.5 | 14.2.3 | 3.2.7 | 23.1.4 |
| 9 | 6.4.2 | 25.3.6 | 15.3.4 | 4.3.1 | 21.2.5 |
| 10 | 6.5.4 | 24.4.1 | 14.4.6 | 3.4.3 | 23.3.7 |
| 11 | 4.6.5 | 23.5.2 | 13.5.7 | 2.5.4 | 21.4.1 |
| 12 | 4.7.7 | 22.6.4 * | 12.6.2 | 1.6.6 | 21.5.3 * |

| 176 | 876<br>1471-1472 | 877<br>1472-1473 | 878<br>1473-1474 | 879<br>1474-1475 | 880<br>1475-1476 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 20.6.5 | 8.6.2 | 29.5.7 | 18.5.4 | 7.5.1 |
| 2 | 20.7.7 | 8.7.4 | 28.6.2 | 17.6.6 | 6.6.3 |
| 3 | 18.8.1 | 6.8.5 | 27.7.3 | 16.7.7 | 5.7.4 |
| 4 | 17.9.3 | 5.9.7 | 26.8.5 | 15.8.2 | 4.8.6 |
| 5 | 16.10.4 | 4.10.1 | 24.9.6 | 13.9.3 | 2.9.7 |
| 6 | 15.11.6 | 3.11.3 | 24.10.1 | 13.10.5 | 2.10.2 |
| 7 | 14.12.7 | 2.12.4 | 22.11.2 | 11.11.6 | 31.10.3 |
| 8 | 13.1.2 | 1.1.6 | 22.12.4 | 11.12.1 | 30.11.5 |
| 9 | 11.2.3 | 30.1.7 | 20.1.5 | 9.1.2 | 29.12.6 |
| 10 | 12.3.5 | 1.3.2 | 19.2.7 | 8.2.4 | 28.1.1 |
| 11 | 10.4.6 | 30.3.3 | 20.3.1 | 9.3.5 | 26.2.2 |
| 12 | 10.5.1 | 29.4.5 * | 19.4.3 | 8.4.7 | 27.3.4 * |

| 177 | 881<br>1476 - 1477 | 882<br>1477 - 1478 | 883<br>1478 - 1479 | 884<br>1479 - 1480 | 885<br>1480 - 1481 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26.4.6 | 15.4.3 | 4.4.7 | 25.3.5 | 13.3.2 |
| 2 | 26.5.1 | 15.5.5 | 4.5.2 | 24.4.7 | 12.4.4 |
| 3 | 24.6.2 | 13.6.6 | 2.6.3 | 23.5.1 | 11.5.5 |
| 4 | 24.7.4 | 13.7.1 | 2.7.5 | 22.6.3 | 10.6.7 |
| 5 | 22.8.5 | 11.8.2 | 31.7.6 | 21.7.4 | 9.7.1 |
| 6 | 21.9.7 | 10.9.4 | 30.8.1 | 20.8.6 | 8.8.3 |
| 7 | 20.10.1 | 9.10.5 | 28.9.2 | 18.9.7 | 7.9.4 |
| 8 | 19.11.3 | 8.11.7 | 28.10.4 | 18.10.2 | 6.10.6 |
| 9 | 18.12.4 | 7.12.1 | 26.11.5 | 16.11.3 | 5.11.7 |
| 10 | 17.1.6 | 6.1.3 | 26.12.7 | 16.12.5 | 4.12.2 |
| 11 | 15.2.7 | 4.2.4 | 24.1.1 | 14.1.6 | 2.1.3 |
| 12 | 17.3.1 | 6.3.6 | 23.2.3 | 13.2.1 | 1.2.5 |

| 178 | 886<br>1481 - 1482 | 887<br>1482 - 1483 | 888<br>1483 | 889<br>1484 | 890<br>1485 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2.3.6 | 20.2.4 | 9.2.1 | 30.1.6 | 18.1.3 |
| 2 | 1.4.1 | 22.3.6 | 11.3.3 | 29.2.1 | 17.2.5 |
| 3 | 30.4.2 | 20.4.7 | 9.4.4 | 29.3.2 | 18.3.6 |
| 4 | 30.5.4 | 20.5.2 | 9.5.6 | 28.4.4 | 17.4.1 |
| 5 | 28.6.5 | 18.6.3 | 7.6.7 | 27.5.5 | 16.5.2 |
| 6 | 28.7.7 | 18.7.5 | 7.7.2 | 26.6.7 | 15.6.4 |
| 7 | 26.8.1 | 16.8.6 | 5.8.3 | 25.7.1 | 14.7.5 |
| 8 | 25.9.3 | 15.9.1 | 4.9.5 | 24.8.3 | 13.8.7 |
| 9 | 24.10.4 | 14.10.2 | 3.10.6 | 22.9.4 | 11.9.1 |
| 10 | 23.11.6 | 13.11.4 | 2.11.1 | 22.10.6 | 11.10.3 |
| 11 | 22.12.7 | 12.12.5 | 1.12.2 | 20.11.7 | 9.11.4 |
| 12 | 21.1.2 | 11.1.7 | 31.12.4 | 20.12.2 | 9.12.6 |

www.uyghurkitap.com

| 179 | 891<br>1486 | 892<br>1486 - 1487 | 893<br>1487 - 1488 | 894<br>1488 - 1489 | 895<br>1489 - 1490 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7.1.7 | 28.12.5 | 17.12.2 | 5.12.6 | 25.11.4 |
| 2 | 6.2.2 | 27.1.7 | 16.1.4 | 4.1.4 | 25.12.6 |
| 3 | 7.3.3 | 25.2.1 | 14.2.5 | 2.2.2 | 23.1.7 |
| 4 | 6.4.5 | 27.3.3 | 15.3.7 | 4.3.4 | 22.2.2 |
| 5 | 5.5.6 | 25.4.4 | 13.4.1 | 2.4.5 | 23.3.3 |
| 6 | 4.6.1 | 25.5.6 | 13.5.3 | 2.5.7 | 22.4.5 |
| 7 | 3.7.2 | 23.6.7 | 11.6.4 | 31.5.1 | 21.5.6 |
| 8 | 2.8.4 | 23.7.2 | 11.7.6 | 30.6.3 | 20.6.1 |
| 9 | 31.8.5 | 21.8.3 | 9.8.7 | 29.7.4 | 19.7.2 |
| 10 | 30.9.7 | 20.9.5 | 8.9.2 | 28.8.6 | 18.8.4 |
| 11 | 29.10.1 | 19.10.6 | 7.10.3 | 26.9.7 | 16.9.5 |
| 12 | 28.11.1 | 18.11.1 | 6.11.5 | 26.10.2 | 16.10.7 |

| 180 | 896<br>1490 - 1491 | 897<br>1491 - 1492 | 898<br>1492 - 1493 | 899<br>1493 - 1494 | 900<br>1494 - 1495 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14.11.1 | 4.11.6 | 23.10.3 | 12.10.7 | 2.10.5 |
| 2 | 14.12.3 | 4.12.1 | 22.11.5 | 11.11.2 | 1.11.7 |
| 3 | 12.1.4 | 2.1.2 | 21.12.6 | 10.12.3 | 30.11.1 |
| 4 | 11.2.6 | 1.2.4 | 20.1.1 | 9.1.5 | 30.12.3 |
| 5 | 12.3.7 | 1.3.5 | 18.2.2 | 7.2.6 | 28.1.4 |
| 6 | 11.4.2 | 31.3.7 | 20.3.4 | 9.3.1 | 27.2.6 |
| 7 | 10.5.3 | 29.4.1 | 18.4.5 | 7.4.2 | 28.3.7 |
| 8 | 9.6.5 | 29.5.3 | 18.5.7 | 7.5.4 | 27.4.2 |
| 9 | 8.7.6 | 27.6.4 | 16.6.1 | 5.6.5 | 26.5.3 |
| 10 | 7.8.1 | 27.7.6 | 16.7.3 | 5.7.7 | 25.6.5 |
| 11 | 5.9.2 | 25.8.7 | 14.8.4 | 3.8.1 | 24.7.6 |
| 12 | 5.10.4 | 24.9.2 | 13.9.6 | 2.9.3 | 23.8.1 |

| 181 | 901<br>1495--1496 | 902<br>1496—1497 | 903<br>1497—1498 | 904<br>1498—1499 | 905<br>1499—1500 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21.9.2 | 9.9.6 | 30.8.4 | 19.8.1 | 8.8.5 |
| 2 | 21.10.4 | 9.10.1 | 29.9.6 | 18.9.3 | 7.9.7 |
| 3 | 19.11.5 | 7.11.2 | 28.10.7 | 17.10.4 | 6.10.1 |
| 4 | 19.12.7 | 7.12.4 | 27.11.2 | 16.11.6 | 5.11.3 |
| 5 | 17.1.1 | 5.1.5 | 26.12.3 | 15.12.7 | 4.12.4 |
| 6 | 16.2.3 | 4.2.7 | 25.1.5 | 14.1.2 | 3.1.6 |
| 7 | 16.3.4 | 5.3.1 | 23.2.6 | 12.2.3 | 1.2.7 |
| 8 | 15.4.6 | 4.4.3 | 25.3.1 | 14.3.5 | 2.3.2 |
| 9 | 14.5.7 | 3.5.4 | 23.4.2 | 12.4.6 | 31.3.3 |
| 10 | 13.6.2 | 2.6.6 | 23.5.4 | 12.5.1 | 30.4.5 |
| 11 | 12.7.3 | 1.7.7 | 21.6.5 | 10.6.2 | 29.5.6 |
| 12 | 11.8.5 | 31.7.2<br>* | 21.7.7 | 10.7.4 | 28.6.1 |

| 182 | 906<br>1500—1501 | 907<br>1501—1502 | 908<br>1502—1503 | 909<br>1503—1504 | 910<br>1504—1505 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28.7.3 | 17.7.7 | 7.7.5 | 26.6.2 | 14.6.6 |
| 2 | 27.8.5 | 16.8.2 | 6.8.7 | 26.7.4 | 14.7.1 |
| 3 | 25.9.6 | 14.9.3 | 4.9.1 | 24.8.5 | 12.8.2 |
| 4 | 25.10.1 | 14.10.5 | 4.10.3 | 23.9.7 | 11.9.4 |
| 5 | 23.11.2 | 12.11.6 | 2.11.4 | 22.10.1 | 10.10.5 |
| 6 | 23.12.4 | 12.12.1 | 2.12.6 | 21.11.3 | 9.11.7 |
| 7 | 21.1.5 | 10.1.2 | 31.12.7 | 20.12.4 | 8.12.1 |
| 8 | 20.2.7 | 9.2.4 | 30.1.2 | 19.1.6 | 7.1.3 |
| 9 | 21.3.1 | 10.3.5 | 28.2.3 | 17.2.7 | 5.2.4 |
| 10 | 20.4.3 | 9.4.7 | 30.3.5 | 18.3.2 | 7.3.6 |
| 11 | 19.5.4 | 8.5.1 | 28.4.6 | 16.4.3 | 5.4.7 |
| 12 | 18.6.6 | 7.6.3<br>* | 28.5.1 | 16.5.5 | 5.5.2<br>* |

www.uyghurkitap.com

| 183 | 911<br>1505 - 1506 | 912<br>1506-1507 | 913<br>1507-1508 | 914<br>1508-1509 | 915<br>1509-1510 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.6.4 | 24.5.1 | 13.5.5 | 2.5.3 | 21.4.7 |
| 2 | 4.7.6 | 23.6.3 | 12.6.7 | 1.6.5 | 21.5.2 |
| 3 | 2.8.7 | 22.7.4 | 11.7.1 | 30.6.6 | 19.6.3 |
| 4 | 1.9.2 | 21.8.6 | 10.8.3 | 30.7.1 | 19.7.5 |
| 5 | 30.9.3 | 19.9.7 | 8.9.4 | 28.8.2 | 17.8.6 |
| 6 | 30.10.5 | 19.10.2 | 8.10.6 | 27.9.4 | 16.9.1 |
| 7 | 28.11.6 | 17.11.3 | 6.11.7 | 26.10.5 | 15.10.2 |
| 8 | 28.12.1 | 17.12.5 | 6.12.2 | 25.11.7 | 14.11.4 |
| 9 | 26.1.2 | 15.1.6 | 4.1.3 | 24.12.1 | 13.12.5 |
| 10 | 25.2.4 | 14.2.1 | 3.2.5 | 23.1.3 | 12.1.7 |
| 11 | 26.3.5 | 15.3.2 | 3.3.6 | 21.2.4 | 10.2.1 |
| 12 | 25.4.7 | 14.4.4 | 2.4.1 * | 23.3.6 | 12.3.3 |

| 184 | 916<br>1510—1511 | 917<br>1511—1512 | 918<br>1512—1513 | 919<br>1513—1514 | 920<br>1514—1515 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1.04.4 | 31.3.2 | 19.3.6 | 9.3.4 | 26.2.1 |
| 2 | 10.5.6 | 30.4.4 | 18.4.1 | 8.4.6 | 28.3.3 |
| 3 | 9.6.7 | 29.5.5 | 17.5.2 | 7.5.7 | 26.4.4 |
| 4 | 8.7.2 | 28.6.7 | 16.6.4 | 6.6.2 | 26.5.6 |
| 5 | 6.8.3 | 27.7.1 | 15.7.5 | 5.7.3 | 24.6.7 |
| 6 | 5.9.5 | 26.8.3 | 14.8.7 | 4.8.5 | 24.7.2 |
| 7 | 4.10.6 | 24.9.4 | 12.9.1 | 2.9.6 | 22.8.3 |
| 8 | 3.11.1 | 24.10.6 | 12.10.3 | 2.10.1 | 21.9.5 |
| 9 | 2.12.2 | 22.11.7 | 10.11.4 | 31.10.2 | 20.10.6 |
| 10 | 1.1.4 | 22.12.2 | 10.12.6 | 30.11.4 | 19.11.1 |
| 11 | 30.1.5 | 20.1.3 | 8.1.7 | 29.12.5 | 18.12.2 |
| 12 | 1.3.7 # | 19.2.5 | 7.2.2 # | 28.1.7 | 17.1.4 |

| 185 | 921<br>1515 - 1516 | 922<br>1516 | 923<br>1517 | 924<br>1518 | 925<br>1519 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15.2.5 | 5.2.3 | 24.1.7 | 13.1.4 | 3.1.2 |
| 2 | 17.3.7 | 6.3.5 | 23.2.2 | 12.2.6 | 2.2.4 |
| 3 | 15.4.1 | 4.4.6 | 24.3.3 | 13.3.7 | 3.3.5 |
| 4 | 15.5.3 | 4.5.1 | 23.4.5 | 12.4.2 | 2.4.7 |
| 5 | 13.6.4 | 2.6.2 | 22.5.6 | 11.5.3 | 1.5.1 |
| 6 | 13.7.6 | 2.7.4 | 21.6.1 | 10.6.5 | 31.5.3 |
| 7 | 11.8.7 | 31.7.5 | 20.7.2 | 9.7.6 | 29.6.4 |
| 8 | 10.9.2 | 30.8.7 | 19.8.4 | 8.8.1 | 29.7.6 |
| 9 | 9.10.3 | 28.9.1 | 17.9.5 | 6.9.2 | 27.8.7 |
| 10 | 8.11.5 | 28.10.3 | 17.10.7 | 6.10.4 | 26.9.2 |
| 11 | 7.12.6 | 26.11.4 | 15.11.1 | 4.11.5 | 25.10.3 |
| 12 | * 6.1.1 | 26.12.6 | 15.12.3 | 4.12.7 | * 24.11.5 |

| 186 | 926<br>1519 - 1520 | 927<br>1520 - 1521 | 928<br>1521 - 1522 | 929<br>1522 - 1523 | 930<br>1523 - 1524 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.12.6 | 12.12.4 | 1.12.1 | 20.11.5 | 10.11.3 |
| 2 | 22. 1 .1 | 11.1 .6 | 31.12.3 | 20.12.7 | 10.12.5 |
| 3 | 20. 2 .2 | 9. 2 .7 | 29.1.4 | 18. 1 .1 | 8.1.6 |
| 4 | 21. 3 .4 | 11. 3 .2 | 28.2.6 | 17. 2 .3 | 7.2.1 |
| 5 | 19. 4 .5 | 9. 4 .3 | 29.3.7 | 18. 3 .4 | 7.3.2 |
| 6 | 19. 5 .7 | 9. 5 .5 | 28.4.2 | 17. 4 .6 | 6.4.4 |
| 7 | 17. 6 .1 | 7. 6 .6 | 27.5.3 | 16. 5 .7 | 5.5.5 |
| 8 | 17. 7 .3 | 7. 7 .1 | 26.6.5 | 15. 6 .2 | 4.6.7 |
| 9 | 15. 8 .4 | 5. 8 .2 | 25.7.6 | 14. 7 .3 | 3.7.1 |
| 10 | 14. 9 .6 | 4. 9 .4 | 24.8.1 | 13. 8 .5 | 2.8.3 |
| 11 | 13.10.7 | 3.10.5 | 22.9. 2 | 11. 9 .6 | 31.8.4 |
| 12 | 12.11.2 * | 2.11.7 | 22.10.4 | 11. 10.1 * | 30.9.6 |

www.uyghurkitap.com

| 187 | 931<br>1524-1525 | 932<br>1525-1526 | 933<br>1526-1527 | 934<br>1527-1528 | 935<br>1528-1529 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29.10.7 | 18.10.4 | 8 .10 .2 | 27 .9 .6 | 15 .9 .3 |
| 2 | 28.11.2 | 17.11 6 | 7.11.4 | 27.10.1 | 15.10.5 |
| 3 | 27.12.3 | 16.12.7 | 6.12.5 | 25.11.2 | 13.11.6 |
| 4 | 26 .1 .5 | 15 .1 .2 | 5 .1 .7 | 25.12.4 | 13.12.1 |
| 5 | 24 .2 .6 | 13 .2 .3 | 3 .2 .1 | 23. 1. 5 | 11 .1 .2 |
| 6 | 26 .3 .1 | 15 .3 .5 | 5 .3 .3 | 22. 2. 7 | 10 .2 .4 |
| 7 | 24 .4 .2 | 13 .4 .6 | 3 .4 .4 | 22. 3. 1 | 11 .3 .5 |
| 8 | 24 .5 .4 | 13 .5 .1 | 3 .5 .6 | 21. 4 .3 | 10 .4 .7 |
| 9 | 22 .6 .5 | 11 . 6 .2 | 1 .6 .7 | 20. 5 .4 | 9 .5 .1 |
| 10 | 22 .7 .7 | 11 .7 .4 | 1 .7 .2 | 19. 6 .6 | 8 .6 .3 |
| 11 | 20 .8 .1 | 9 .8 .5 | 30 .7 .3 | 18. 7 .7 | 7 .7 .4 |
| 12 | 19 .9 .3 * | 8 .9 .7 | 29 .8 .5 | 17. 8 .2 * | 6 .8 .6 |

| 188 | 936<br>1529 - 1530 | 937<br>1530 - 1531 | 938<br>1531-1532 | 939<br>1532-1533 | 940<br>1533-1534 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 5 .9 .1 | 25 .8 .5 | 15 .8 .3 | 3 .8 .7 | 23 .7 .4 |
| 2 | 5.10.3 | 24 .9 .7 | 14 .9 .5 | 2. 9 .2 | 22 .8 .6 |
| 3 | 3.11.4 | 23.10.1 | 13.10 6 | 1.10.3 | 20 .9 .7 |
| 4 | 3.12.6 | 22.11.3 | 12.11.1 | 31.10.5 | 20.10.2 |
| 5 | 1 .1 .7 | 21 12.4 | 11.12.2 | 29.11.6 | 18.11.3 |
| 6 | 31 .1 .2 | 20 .1 .6 | 10 .1 .4 | 29.12.1 | 18.12.5 |
| 7 | 1. 3 .3 | 18 .2 .7 | 8 . 2 .6 | 27 .1 .2 | 16 .1 .6 |
| 8 | 31 .3 .5 | 20.3 .2 | 9 .3 .7 | 26 .2 .4 | 15 .2 .1 |
| 9 | 29 .4 .6 | 18 .4 .3 | 7 .4 .1 | 27 .3 .5 | 16 .3 .2 |
| 10 | 29.5 .1 | 18 .5 .5 | 7 .5 .3 | 26 .4 .7 | 15.4 .4 |
| 11 | 27 .6 .2 | 16 .6 .6 | 5 .6 .4 | 25 .5 .1 | 14 .5 .5 |
| 12 | 27.7 .4 * | 16 .7 .1 | 5 .7 .6 | 24 .6 .3 * | 13. 6 .7 |

| 189 | 941<br>1534 - 1535 | 942<br>1355 - 1536 | 943<br>1536 - 1537 | 944<br>1537 - 1538 | 945<br>1538 - 1539 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13.7.2 | 2.7.6 | 20.6.3 | 10.6.1 | 30.5.5 |
| 2 | 12.8.4 | 1.8.1 | 20 7.5 | 10.7.3 | 29 6.7 |
| 3 | 10.9.5 | 30.8.2 | 18.8.6 | 8.8.4 | 28.7.1 |
| 4 | 10.10.7 | 29.9.4 | 17.9.1 | 7.9.6 | 27.8.3 |
| 5 | 8.11.1 | 28.10.5 | 16 10.2 | 6.10.7 | 25.9.4 |
| 6 | 8.12.3 | 27.11.7 | 15.11.4 | 5.11.2 | 25.10.6 |
| 7 | 6.1.4 | 26.12.1 | 14.12.5 | 4.12.23 | 23.11.7 |
| 8 | 5.2.6 | 25.1.3 | 13.1.7 | 3.1.5 | 23.12.2 |
| 9 | 6.3.7 | 23.2.4 | 11.2.1 | 1.2.6 | 21.1.3 |
| 10 | 5.4.2 | 24.3.6 | 13.3.3 | 3.3.1 | 20.2.5 |
| 11 | 4.5.3 | 22.4.7 | 11.4.4 | 1.4.2 | 21.3.6 |
| 12 | 3.6.5<br>* | 22.5.2 | 11.5.6<br>* | 1.5.4 | 20.4.1 |

| 190 | 946<br>1539 - 1540 | 947<br>1540 - 1541 | 948<br>1541 - 1542 | 949<br>1542 - 1543 | 950<br>1543 - 1544 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 19.5.2 | 8.5.7 | 27.4.4 | 17.4.2 | 6.4.6 |
| 2 | 18.6.4 | 7.6.2 | 27.5.6 | 17.5.4 | 6.5.1 |
| 3 | 17.7.5 | 6.7.3 | 25.6.7 | 15.6.5 | 4.6.2 |
| 4 | 16.8.7 | 5.8.5 | 25.7.2 | 15.7.7 | 4.7.4 |
| 5 | 14.9.1 | 3.9.6 | 23.8.3 | 13.8.1 | 2.8.5 |
| 6 | 14.10.3 | 3.10.1 | 22.9.5 | 12.9.3 | 1.9.7 |
| 7 | 12.11.4 | 1.11.2 | 21.10.6 | 11.10.4 | 30.9.1 |
| 8 | 12.12.6 | 1.12.4 | 20.11.1 | 10.11.6 | 30.10.3 |
| 9 | 10.1.7 | 30.12.5 | 19.12.2 | 9.12.7 | 28.11.4 |
| 10 | 9.2.2 | 29.1.7 | 18.1.4 | 8.1.2 | 28.12.6 |
| 11 | 9.3.3 | 27.2.1 | 16.2.5 | 6.2.3 | 26.1.7 |
| 12 | 8.4.5 | 29.3.3 | 18.3.7 | 8.3.5 | 25.2.2 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

Journal of Xinjiang UniVersity

(Philosophy and Social sciences, Uighur Edition)
No. 1. 1986 (Total: No. 25

# CONTENTES

Attention Should Be Paid to the Study of Educational Economics ........ *Jumahun Niyaz*
To Expand the Ranks of Qualified Personnel and Bring their Initiative into Full Play is the Necessary Requirement for Social Development ........ *Islamjan Xirip*
Some Views Concerning the Establishment of a Reasonable Price System ........ *Ismayil Niyaz*
The Necessity of Developing the Third Industry in our Region ........ *Halpidin Musa*
Artistic Appreciation and National Tradition ........ *Sali Hudaberdi*
Esthetic Feelings in Uighur Poetry ........ *Mirzigul*
The Saierzhu Empire ........ *Xiao Xian*
The Origin of the Term «Kezerkeha Thousand Buddha Grottoes» ........ *Muhammat Dawut*
The Historical Origins and Connotations of Some Uighur Terms ........ *Ablimit Ruzi*
The Relationship Between Logic, Grammar and Rhetoric ........ *Razak Matniyaz*
The Necessity of Learning Modern Uighur ........ *Matturdi Mirzahmat*
Compound and Complex Sentences in the Uighur Language ........ *Rahman Hanbaba*

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy and Social Sciences, Uighur Edition)**

**No. 2. 1986** **(Total: No. 26)**


## CONTENTS


Every Nationality Has the Freedom of Developing and Using its Own Spoken and Written Language ............................ *Saipidin Azizi*

Arbudular. Tuhkai——A great Poet of the Tartar Nationality ...... ........................................................ *Glajidin Osman*

The Criterion of Truth and Logical Reasoning............................ ........................................................ *Abduwali Hamut*

A Talk about the Object of Study of Political Economy.............. ........................................................ *Dawut Sawut*

The Reationship Between Artistic Appreciation and Literary and Artistic Development .................................... *Azat Sulan*

A Preliminary Talk about Colour Words and their Rhetorical Effect.................................................... *Xirin Kurban*

Some Problems Related to Uighur Lexicology ......................... ................................................ *Rewaydulla Hamdulla*

A New Approach to the Period of Production of the «Biography of Wugusi» ......................................... *Gayratjan Osman*

Concerning the Technique of Description in Uighur Folk Literature ................................................*Tursun Muhammat Sawut*

The Development and Works of the Uighur Language During the Period of Zagatai ..................................... *Abdurixit Islam*

Bilingual Effect on the Development of the Minority Nationality Culture Seen from Aitmatov ...................... *Chen Xuexun*

About the Cultural Relics and Archaeological Materials in the Studies of Qiuci ......................... *Abliz Muhammat Sayrami*

The Function of the University Libraries in Teaching and Scientific Researches .............................. *Muhtar Abeydulla*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى
新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）
(پەسىللىك ژۇرنال)

1986 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي سانى 26)



كەلپىندىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت بۇددا خارابىسى

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
ش. ئۇ. ئا. ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرىنىڭ كىنىشكە نومۇرى: 321

باھاسى: 0.50 يۈەن
ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58